


مۇھەممەت بارات تەشنائىي

# ھېلىقى كوچا

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



مۇھەممەت بارات

تەشنائىي 1963 - يىل 11 - ئاينىڭ 9 - كۈنى كېرىيە ناھىيىسىدە خىزمەتچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان . 1985 - يىل 7 - ئايدا قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ ، خوتەن ئالىي پېداگوگىكا مەكتىپى تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا تەقسىم قىلىنغان . ھازىر شۇ فاكۇلتېتنىڭ دوتسېنتى .

مۇھەممەت بارات تەشنائىينىڭ 40 پارچىدىن ئارتۇق ئەدەبىيات تەتقىقاتىغا ئائىت ئىلمىي ماقالە ۋە ئوبزورى ، 450 پارچىدىن ئارتۇق شېئىر ، 50 پارچە ھېكايە ، نەسر ۋە ئەدەبىي

مۇھەممەت بارات تەشنائىي

# ھېلىقى كوچا

( ھېكايە ـ نەسرلەر )

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

那条街/穆罕麦迪·巴拉提著. —喀什:喀什维吾尔文出版社，2002. 10

ISBN 7—5373—1058—0

Ⅰ.那… Ⅱ.穆… Ⅲ. ①短篇小说—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) ②散文—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)

Ⅳ.I217.2

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2002）第 080826 号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**

（喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000）

**各 地 新 华 书 店 经 销**

**阿克苏飞达印刷厂印刷**

787×1092 **毫米** 1/32 **开本** 5 **印张**

2002 **年** 10 **月第** 1 **次出版** 2002 **年** 10 **月第** 1 **次印刷**

**印数**:1 —— 2770 **定价**:8.00 **元**

# مۇندەرىجە

## ھېكايىلار


يامان ئاقىۋەت ........................ 3
ئەمەل ۋە ئەسەر ........................ 6
ھېلىقى كوچا ........................ 10
ئاي ھامان چىقىدۇ. . . ........................ 15
ئازابلىنىش ........................ 22
ئوغرى ........................ 26
«تەبىئىي ئاپەت» ........................ 30
ئۇچۇر ........................ 35
ئۇقۇشماسلىق ........................ 40
چۈشىنىش ........................ 45
ھەي، ئاياللار دېگەن. . . ........................ 49
ئېتىبار باھا ........................ 54
ئۆمۈر چولپانلىرىنى زىيارەت ........................ 59
تەمە ........................ 65
بۇرۇلۇش ........................ 68
خىجىللىق ........................ 71
ئالابويناق ........................ 76

پۇشايمان يېشى ............................ 80
ئاياغ سېتىۋېلىش ............................ 85
قار، يۈرىكىمگىلا ياغ... ............................ 88
ئۆكۈنۈش ............................ 106

## نەسرلەر

ئۇستازىم ............................ 113
يېڭى يىل ئاخشىمى ............................ 116
ئانا تۇپراق ............................ 118
تەسكەي خىياللىرى ............................ 120
چۇچۇمەل خىياللار ............................ 124
يول ۋە مەن ............................ 129
كۆڭلۈم بۆلىقىدىن تامچىلار ............................ 133
قاردىن تۇغۇلغان خىياللار ............................ 135
ئازغۇن روھ ............................ 140
سۆيگۈ قىياملىرى ............................ 145
ئايەم چاچقۇسى ............................ 149

# ھېكايىلار

# يامان ئاقىۋەت

ئەركىن دائىم مەكتەپكە بېرىپ - كېلىشتە كەينىدىن يېتىپ كەلگەن ئاپتوموبىل، تراكتورلارغا ئېسىلىپ، مەلۇم دوقمۇشقا بارغاندا، ئاپتوموبىل ئاستىلىغان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ چۈشۈۋالاتتى - دە، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ساۋاقداشلىرى يېتىپ كەلگۈچە ساقلاپ تۇراتتى. ئەركىننىڭ ئالدىدا باشقىلار قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان «ئىمزىلەڭگۇ» كۆرۈنەتتى. ئەركىننىڭ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان «چەبدەس» لىكى بارا - بارا ساۋاقداشلىرى ئارىسىدا تارقىلىپ، تۇرلۇك پائالىيەتلەردە سورۇن بېشى بولۇپ قالدى. ئۇ بۈگۈنكى دەرس ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىشتا ساۋاقدىشى باتۇرنى ئەيىبلىگىلى تۇردى.

— ئەمەتجان مۇئەللىمنىڭ ئېيتىشىچە «باتۇر» دېگەن سۆزنىڭ ھەرقانداق خېيىمخەتەردىن ھەتتا ئۆلۈمدىنمۇ قورقمايدۇ، دېگەن مەنىسى بار ئىكەن، — دېدى ئۇ كىچىك كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ۋە ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ساۋاقداشلىرىغا بىرقۇر كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن «شاققىدە» سەكرەپ ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرغىنىچە، — سېنىڭ ئىسمىڭ باتۇر بولغىنى بىلەن يولدا ھەتتا كالا

ھارۋىسىغىمۇ ئىسىلىشقا جۇرئەت قىلالمايسەن، سىنىڭ قە-
يەرلىك ئوغۇل بالىغا ئوخشىسۇن؟ «باتۇر» دېگەن ئىسمىڭ-
نى يۈتكۈۋەتسە بولغۇدەك. مەنچۇ، شۇنداق تېز كېلىۋاتقان
ماشىنىلارغىمۇ ئېسىلىپ، بىردەمدىلا مەنزىلىمگە يېتى-
مەن.

ئەركىننىڭ سۆزلىرى باتۇرنى ساۋاقداشلىرى ئالدىدا
ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ يۇمىلاققىنا مەڭزى ئوت-
قاشتەك قىزىرىپ كەتتى. توغرا، ئەركىنگە مۇشۇ ساۋاق-
داشلىرى ئالدىدا مۇسابىقە ئېلان قىلىپ، ئۆزىنىڭ كارامى-
تىنى كۆرسىتىپ قويۇشى كېرەك، پەقەت شۇ چاغدىلا
ئەركىنمۇ بوگۇنكىدەك كۆرەڭلىمەيدىغان بولىدۇ. لېكىن،
ئۇنىڭ قۇلاق تۈۋىدە دادىسىنىڭ: «بالام، يولنىڭ ئوڭ
تەرىپىدىن ماڭ، ئاپتوموبىل، تراكتورلارغا ئېسىلما، كەپ-
سىز بالىلارغا ئارىلاشما، ئۇستازىڭنىڭ سۆزلى-
رىنى ئوبدان ئاڭلاپ تىرىشىپ ئۆگەن!» دېگەن
سۆزلىرى جاراڭلىماقتا ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ
تەمكىن ھالدا ئېيتتى:

— دادام ماڭا ماشىنىغا ئېسىلما دېگەن، دادام كۆرۈپ
قالسا ئاچچىقلايدۇ...

ئەركىن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە باتۇرنىڭ سۆزىنى بۆلۇ-
ۋەتتى:

— ئەخمەق، مېنىڭ دادامنى بۇنداق سۆزلەرنى دېمەي-
دۇ دەمسەن؟ مەن ماشىنىغا ئېسىلىپ ھەممىڭلاردىن ئىل-
گىرى مەكتەپكە كېلىمەن، دادام ئۆيدە قالىدۇ.

باتۇر ئەركىننىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئويغا چۆكتى.
«توغرا، ئۆيدىكىلەرگە يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ماڭدىم،

ماشىنىغا ئېسىلمىدىم دېسەم بولمىدىمۇ؟ . . . ياق، يالغان سۆزلىسەم ئاتا- ئانامنىڭ يۈزىگە قانداق قارايمەن؟» ئاتا- ئانا سۆزىنى قۇلىقىدا مەھكەم تۇتۇپ كېلىۋاتقان باتۇرنىڭ كۆڭلى ئەركىننىڭ گېپىگە كىرىشكە يول قويمىدى.

بۈگۈن جۈمە كۈنى ئىدى. ئەركىن باتۇر قاتارلىق بىرقانچە ساۋاقداشلىرى بىلەن چۈشتىن كېيىنكى تازىلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، مەكتەپتىن ئۆيگە قاراپ كېلىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ قوللىرىدا كىچىك چېلەك، چەينەك، سۈپۈرگە قاتارلىق تازىلىق سايمانلىرى بار ئىدى. بەزىلىرى كىچىك گۈرجەكنىڭ سېپىغا سومكىلىرىنى ئۆتكۈزۈپ مۈرىسىگە سېلىپ كېلەتتى. توساتتىن ئەركىننىڭ كۆزلىرى خۇشاللىقتىن پارقىراپ كەتتى. ئۇ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقان يۈك ماشىنىسىغا ئېسىلىپ، ئۆزىنىڭ «چاققان» لىقىنى باتۇرغا كۆرسىتىپ قويماقچى بولدى- دە، شۇنداق تېز كېلىۋاتقان ئاپتوموبىلغا ئېسىلىپ، تۆمۈر تۇمشۇق دەرەخكە ياماشقاندەكلا كوزۇپقا يېپىشىۋالدى. ساۋاقداشلىرى ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ قېلىشتى. ئەركىن بىر قولىدا ئاپتوموبىلنى، يەنە بىر قولىدا چېلەكنى تۇتقان پېتى چاڭ - توزانغا مىلىنىپ ئۇزاپ كەتتى. باتۇر ۋە ئۇنىڭ ئىككى ساۋاقدىشى ئۇزاق ماڭمايلا بىر توپ كىشىلەرنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغان بىر بالىنى دوختۇرخانا تەرەپكە ئەكېلىشىۋاتقانلىقىنى كۆردى، كىشىلەر يېقىنلاپ كەلگەندە ساۋاقداشلار بىردىنلا چۇرقىرىشىپ كەتتى، چۈنكى بېشى قانغا بويالغان ئەركىن ھوشسىز ياتاتتى.

1985- يىل 7- ئاي، قەشقەر

# ئەمەل ۋە ئەسەر

ھەپتىدىن بىرى، بىرقانچە يىلدىن بۇيان قالدۇرۇلۇپ توپا بېسىپ كەتكەن ئەسەر ئورىگىناللىرىنى بىرنەچچە باغلام قىلىپ چىگىپ ئىشخانىنىڭ بۇرجىكىگە چىرايلىق تىزىپ چىقتىم. ئەمدىلا «ئۇھ! . . . » دەپ تۇرۇشۇمغا بۆلۈم مەسئۇلى بۇرنىغا چۇشۇرۇپ قويۇلغان كۆزەينىكىنىڭ ئۈستىدىن ماڭا قاراپ:

— قانداق، مەن ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلار تۈگىدىمۇ؟— دېدى بۇلۇڭدىكى بىر ھارۋا كەلگۇدەك ئەسەر ئورىگىناللىرىغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ.

— مانا، ھازىرلا تۈگىدى،— دېدىم ئۇنىڭغا ۋە ئايرىۋېلىنغان ئەسەرلەرنى شىرە ئۈستىگە قويدۇم،— ماۋۇلار سىز دېگەن ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرى.

— ھە، ياخشى بوپتۇ. ھازىرلا كېرەكسىز قەغەز سېتىۋالغۇچى كەلمەكچى. بۇلاردىن باشقىسىنى جىڭلاپ بېرىۋېتەيلى. . .

تېلېفوننىڭ تۇيۇقسىز جىرىڭلىشى ئۇنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى. ئۇ تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ قارشى تەرەپ

بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى:

— نېمە، توۋا دەڭلا، ئەمدىلىكتە ئىشىپ - تېشىپ ئىدارە باشلىقلىق ئەشۇ مۆرىمەسكە كەپتىمۇ؟ . . . جاھان نېمە بولۇۋاتىدۇ، ھە، ھازىر. ھە. . . ھە. . . بۇگۈن كەچتە ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلى دېيىشتۇق؟ ھە ماقۇل، مەن چوقۇم ۋاقتىدا بارىمەن! ھە ماقۇل. كەچتە كۆرۈشەيلى.

ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ چىرايى ئۆڭگەن ھالدا يانچۇقىدىن بىر تال تاماكىنى ئېلىپ تۇتاشتۇرۇپ كۈچەپ شوردى. ئۇنىڭ ئېغىز- بۇرۇنلىرىدىن چىققان قويۇق ئىس ئەتراپىنى بىر ئالدى. ئۇ تاماكىنىڭ ھۇزۇرىنى ئالدىرىماي سۈرۈپ خۇمارىنى بېسىقتۇرغاندىن كېيىن، ئالدىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىگە بىرقۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن ماڭا بۇرۇلدى:

— ئۇكام ئەركىن، بۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىدارە باشلىقى ئالماسنىڭ ئەسەرلىرى يوقمۇ، ئۇنىڭ ناھايىتى ياخشى، مېغىزلىق ھېكايىلىرى بولىدىغان.

— قايسى ئالماس ئۇ، سىز يېزىپ بەرگەن ئاپتورلارنىڭ تىزىملىكىدە ئۇنداق ئىسىم يوقمۇ؟

— شۇنىمۇ بىلمەمسىز، كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئالماس تاھىرچۇ، بولۇڭ، ھازىرلا ئاۋۇ سېتىۋېتىدىغان ئورىگىناللار ئارىسىدىن ئۇنىڭ نامىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسىنى ئايرىپ چىقىڭ. بىرەر پارچىمۇ ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن، — ئۇ شۇنداق دەپلا بىرنېمىلەرنى يېزىشقا باشلىدى.

مەن نارازى بولۇپ غودۇڭشىساممۇ، ئامالسىز ئىشقا

كىرىشىپ كەتتىم. چۈنكى، بۆلۈم مەسئۇلى مۇشۇ تەھرىر بۆلۈمىنىڭ يەرلىك خاقانى بولۇپ، ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن، قىلغىنى قىلغان ئىدى. گېزى كەلسە باشقارما باشلىقىنىمۇ نەزەرگە ئىلىپ قويمايتتى. كىمنىڭ ئەسىرىنى ژۇرنالغا بېرىشكە بولىدۇ، كىمنىڭ ئەسىرى قالدۇرۇلىدۇ، ژۇرنالنىڭ بېشىغا بېرەمدۇ، ئاخىرىغىمۇ، قىستۇرما سۈرەتلىرى قانداق بولىدۇ؟... بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىنىڭ مۇقەددەس بۆلۈم مەسئۇللىق ئورنىدا ئولتۇرۇپ، بىر ياقلىق قىلاتتى. بۇنداق ئىشلاردا پېشقەدەم مۇھەررىرلەر بىرنېمە دېيەلمىگەن يەردە، مەندەك «يېڭى كەلداخۇن» نىڭ ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا غىدىك - پىدىك قىلىشقا ھەددىممۇ؟ بېشىمدا كېرەكسىز قەغەز سېتىۋالغۇچى ئالدىرىتىپ تۇرىدۇ. مەن ئالماس تاھىرنىڭ نەچچە يىلدىن بېرى ئىشلىتىلمەي قالدۇرۇلغان ھېكايە، پوۋېست، نەسرلىرىنى ئايرىۋاتىمەن. ئۇھ! ئاخىر 5 پارچە ھېكايە، 10 پارچە نەسر، 2 پارچە پوۋېستنى تېپىپ چىقتىم.

بۆلۈم مەسئۇلى ئالماس تاھىرنىڭ يۇقىرىقى ئەسەرلىرىنى قولۇمدىن ئاۋايلاپ ئېلىپ كۆرۈشكە باشلىدى.

— ئىدارە باشلىقى ئالماسنىڭ پىكرى ئۆتكۈر ئىكەن، تىلى ئوبرازلىق، ھېكايە - پوۋېستلىرىنىڭ ۋەقەلىكى ئۆزگىرىشچان، نەسرلىرىدە پەلسەپىۋى پىكىر چوڭقۇر... بىز باشتا تازا دىققەت قىلماپتۇق ئەمەسمۇ؟... — ئۇ ماڭا «شۇنداقمۇ؟» دېگەندەك لاپپىدە قارىغاندىن كېيىن ئالدىمغا كەلدى، — ھە ئۇكام ئەركىنجان، ماۋۇ «ئامەتلىك ئادەم»

دېگەن پوۋېستنى ئەتە ئەتىگەنگە ئۈلگۈرتۈپ ئىشلەپ چى-
قىلىڭ. چوقۇم تەلەپكە لايىق بولسۇن. كۈچىڭىزنى ئايىماي
كارامىتىڭىزنى كۆرسىتىپ قويۇڭ. بىز مۇھەررىرلەرنىڭ
نامىنىز قەھرىمان دېگەن نامىمىز بار ئەمەسمۇ؟ نۆۋەتتى
كەلگەندە مۇشۇنداق جاپا چېكىدىغان گەپ. بۇ پوۋېستنى
بىرىنچى بەتكە بېرەيلى. ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئەسەرلەرنى
ئەتە باسمىغا تاپشۇرىمىز.

بۆلۈم مەسئۇلى شۇنداق كۆرسەتمە بېرىپ چىقىپ
كەتتى. مەن ئالماس تاھىرنىڭ ئالدىمدىكى پوۋېستىغا قا-
راپ ئولتۇرۇپلا قالدىم. چۈنكى، ئۇنىڭدا بۆلۈم مەسئۇلى-
نىڭ «بۇ ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى چېچىلاڭغۇ، پېرسوناژلار
خاراكتېرى ئېچىپ بېرىلمىگەن، تىلى خام، ئېلان قىلىش
تەلىپىگە يەتمەيدۇ» دېگەن پىكرى يېزىقلىق تۇراتتى.

1996- يىل 11-ئاي، خوتەن



# ھىلىقى كوچا

1

كەچكۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى، سوغۇق شامال كې-
زىپ يۈرگەن قاراڭغۇ كوچىدا كۈزلۈك پەلتويۇمنىڭ ياقى-
سىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، ئالدىراپ كېتىۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز
كىمدۇر بىرىنىڭ قوپال ئاۋازىدىن چۆچۈپ جايىمدا تۇرۇپلا
قالدىم.

— ۋۇ، پاسكىنا، يوقال كۆزۈمدىن، ئىككىنچى بو-
سۇغامغا قەدەم ئالغۇچى بولما!...

دوقمۇشتىكى ئىشىكى ئوچۇق تۇرغان بىر ئۆينىڭ
ئالدىدا چالا مەست بىر ئەركىشى بالا كۆتۈرۈۋالغان ئايالغا
دېۋەيلەپ تۇراتتى. ئايال بولسا قۇچىقىدىكى بالىسىنى باغ-
رىغا مەھكەم بېسىپ، ئەرگە يالۋۇرماقتا ئىدى:

— ئۇنداق باغرى تاشلىق قىلمىسىلا، مېنىڭ يۈزۈمنى
قىلمىسىلمۇ، بالىمىزنىڭ يۈزىنى قىلسىلا، ئۆيىمىز بۇ-
زۇلمىسۇن...

ئايال ئېسەدەپ ياش تۆكمەكتە، ئۇنىڭ تاشنى ئېرىت-

كۆدەك نالە - زار، يىلىنىشلىرىدىن، مىسكىن، بىچارە ھالىتىدىن يۈرىكىم مۇجۇلۇپ كۆز چاناقلىرىم ياشقا تولدى. ئەر ئايالنىڭ يالۋۇرۇشلىرىغا قۇلاق سالماي دەلدەڭشىگەن پېتى سىرلانغان يوغان دەرۋازىنى غەزەپ بىلەن يېپىپ، ئىچىدىن شاراقشىتىپ قۇلۇپ سالدى. ئايال قاردىيىپ كۆرۈنگەن دەرۋازا ئالدىدا ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن بالىسىنى كۆتۈرۈپ تۈن قوينىغا ئاستا - ئاستا سىڭىپ كەتتى. ئايال ئۈزىغان تەرەپتىن لالما ئىتنىڭ ھاۋشىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئارقىدىن ئەتراپ يەنە تىمتاسلىققا چۆكتى. كەچكۈزنىڭ ئىزغىرىن شامىلى كۈچەيمەكتە، ئەتراپ گويا قازاننى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاراڭغۇ ئىدى. كوچا چىراغلىرىمۇ ئاللىقاچان ئۆچكەن. پەقەت ئايال قوغلاپ چىقىرىلغان قورۇدا چىراغ بىرنەچچە قېتىم ئۆچۈپ - ياندى، ئاخىر يەنە ئۆچتى. . . مەن بىردىنلا تىترەۋاتقانلىقىمنى سەزدىم. بۇ ھەرگىزمۇ توڭلىغانلىقىم ياكى قورققانلىقىمدىن ئەمەس ئىدى.

## 2

بۇ قەدىمىي شەھەرنىڭ كەچلىك بازىرىدىن توخۇ سۇتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. توخۇ، ئۆردەك، كەپتەر، قۇشقاچ، پاقلان كاۋاپلىرى، مەززىلىك پۇرىقى دىماغقا ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئوخشىتىپ ئېتىلگەن پولۇ، خېمىرى نېپىز، چىرايلىق تۈگۈلگەن مانتا، يۇمغاقسۇت، پىننە سېپىلگەن چۆچۈرە، چۆپلىرى چاچتەك كېسىلگەن

ئۇگره، يۇمشاق پىشۇرۇلغان قوي - كاللىلارنىڭ كاللا - پاچاقلىرى. . .

ئاغىنىلەر بىلەن تازا پەيزى قىلىپ ئولتۇراتتۇق، يېنىمىزدا بىر بالا پەيدا بولۇپ قالدى:

— ئاكىلار، رەھىم قىلىڭلار، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. . .

7 — 8 ياشلاردىكى بۇ بالىنىڭ يۈز- كۆزى مەينەت، چىرايى تاتىراڭغۇ ئىدى، كىيىملىرى ئۇچىسىدا ئارانلا ئىلىنىپ تۇراتتى. بالىغا ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئالدىمدىكى كاۋاپتىن بىر زىخنى ئېلىپ ئۇنىڭغا سۇنۇۋېتىپ سورىدىم:

— ئاله، ماۋۇنى يە، ئاتا - ئاناڭ يوقمۇ؟

— ئاتا - ئانام كىچىك چېغىمدىلا ئاجرىشىپ كېتىپتىكەن، ئانام توي قىلىپ باشقا يۇرتقا كېتىپتۇ. دادام مېنى ئۆيگە پاتۇرالماي چوڭ دادامنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويغان، لېكىن ئۇنىڭ مېنى باققۇچىلىك مادارى. . .

بالىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلمەكتە. ئۇ ئاتا - ئانىسى بۇ دۇنيادا ھايات تۇرۇپ يېتىملىك دەردىنى تارتىۋاتقانلىقتىن ياش تۆكتىمۇ ياكى مېنىڭ خەير - خاھلىقىمغا ئېرىشكەنلىكى ئۈچۈن تەسىرلىنىپ ياش تۆكتىمۇ، بىلمىدىم. ئۇنىڭدىن دادىسىنىڭ نەدە ئولتۇرىدىغانلىقىنى سورىۋىدىم، بىر كوچىنىڭ نامىنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن خېلى يىللار ئىلگىرى مەن ئۇ كوچىدا بىر ئېچىنىشلىق ۋەقەنىڭ شاھىتى بولغان ئىدىم.

بالىغا يەنە بىر زىخ كاۋاپ بىلەن بەش يۈەننى بېرىپ يولغا سېلىپ قويدۇم. ئۇ شۇنچىلىك خۇشال بولۇپ كەت-

تى. قولىدىكى پۇلنى خۇددى بىرسى تارتىۋالىدىغاندەك مەھكەم تۇتۇپ، كەينىگە بىر قانچە قەدەم قاراپ تەكرار «رەھمەت!» دېگىنىچە كېتىپ قالدى. دېكابىرنىڭ قار ئۇچقۇنداپ تۇرغان قاراڭغۇ كېچىسى ئۇنى ئاستا - ئاستا قوينىغا ئالدى. ئاھ، بىچارە بالا... باشقىلارغا قول سۇنۇپ ئەمەس، چىدام - غەيرەت بىلەن ياشىغىن. سەنمۇ چوڭ بولىسەن، بۇ دۇنيا ھامان ياخشىلىق بىلەن تولغان، ئۇ ساڭىمۇ ئىللىق قۇچاق ئاچىدۇ. پەقەت نىيىتىڭ دۇرۇس، ئىرادەڭ كۈچلۈك بولسىلا ھەممىگە ئېرىشەلەيسەن.

## 3

— ۋۇ، تېگى پەس، سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام!... — يولنىڭ چېتىدىكى ئازگالدا بىر مەست كىملەرنىدۇر تىللاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلغان، يۈز - كۆزى، كىيىملىرى بۇلغانغان، شىم - چاپانلىرىنىڭ يانچۇقلىرى تەتۈر ئۆرۈلگەنىدى.

— قوپۇڭ، مەن سىزنى ئۆيىڭىزگە ئاپىرىپ قوياي، بۇ ياشقا كەلگەندە ئازراق ئىچسىڭىز بولمامدۇ...

مەن ئۇنى يۆلەشتۈرۈپ ئېلىپ ماڭدىم. ئۇ پۈتۈن ئېغىرلىقىنى ماڭا سېلىپ، دەلدەڭشىپ ئاران ماڭاتتى. ئاخىر بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق، ئۇ كىرىپ كەتتى. ئۇنى ئىچىدىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان سوغۇق ئۆي قوينىغا ئالدى. مەن ئەتراپقا قاراپ بىردىنلا چۈشتىن

ئويغانغاندەك بولدۇم. بۇ ھېلىقى كوچا، ھېلىقى ئۆي ئە-
دى. بۇنى بىلگەندىن كېيىن بايىقى مەستكە نەپرىتىم ئې-
شىپ ئۆزۈمنى ئەيىبلىدىم: يامان ئادەملەرگە ياخشىلىق
قىلغىنىم نېمىسى؟ ئۇ ئەسلىي ئاشۇ ئازگالدا لالما ئىتلارغا
ھەمراھ بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇمۇ بالىسى دۇچ كەلگەن
قىسمەتلەرگە يولۇقسۇن، بۇنداقلار يەنە ئادەملەردىن ياخ-
شىلىق كۈتسە ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ ياق - ياق، دەيتتى
كۆڭلۈمدە يەنە بىر سادا، دۇنيادا ئازمايدىغان ئىنسان يوق.
ئەقىلسىزنىمۇ باشقا نەرسە ئەمەس، دەل ئادەملەر ئازدۇر-
غان، تۇرمۇشتا ئادەملەرنى كۈلدۈرگەنمۇ، يىغلاتقانمۇ، سۆ-
يۈندۈرگەنمۇ ئادەم. تۇرمۇشتىكى كۆڭۈلسىزلىك، ئازاب،
ھىجران... بىزگە ھەر ۋاقىت ھەمراھ بولۇپ، بىزنىڭ
ئەقىدىمىزنى، ئىرادىمىزنى سىنايدۇ. تۇرمۇش بىز ئادەم-
لەردىن ئىمتىھان ئالىدۇ.

خىيال سۈرۈپ كېلىۋاتىمەن. كۆز ئالدىمدا ھېلىقى
مەستنىڭ ۋەيرانە ھالىتى، بىچارە ئوغۇلنىڭ باشقىلارغا
قولىنى سۇنۇپ بويۇن قىسىپ تۇرغان كۆرۈنۈشى، ئاجىز،
كۆڭلى سۇنۇق ئايالنىڭ ئۆيدىن قوغلىنىشلىرى قايتا - قايتا
گەۋدىلەنمەكتە ئىدى.

1996- يىل 11- ئاي، خوتەن

# ئاي هامان چىقىدۇ. . .

«ناھىيىدىن ئىككى خىل مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكى كېلىدىكەن» دېگەن خەۋەر يېزا ئورگىنىدىكى ھەممە ئادەمنى جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، بولۇپمۇ بۇ خىزمەتنى بىۋاسىتە تۇتۇپ ئىشلەپ كېلىۋاتقان يېزا باشلىقى ئۆزىنىڭ سىمىز بەدىنىگە، ئېغىر ـ بېسىق مىجەزىگە ماس كەلمىگەن ھالدا يېزا ئورگىنىدىكى خادىملارنىڭ ھەممىسىگە كونكرېت ئىش تەقسىم قىلىمەن دەپ تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. دېمىسىمۇ باھالاش دېگەن بىر قېتىملىق ئۆتكەل ـ دە، مۇشۇ ئۆتكەلدىن كاللا ئىشلىتىپ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ كەتسەڭ شەرەپ ساڭا مەنسۇپ بولۇۋېرىدۇ. بۇنى يېزا باشلىقى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ، بولمىسا ئۇ بىر يېزىنى بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئالىقىنىدا ئوينىتىپ كېلەرمىدى؟!

مەن ئۆزۈمگە تاپشۇرۇلغان ئىش تەقسىماتى بويىچە «مائارىپنى باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۆمىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز!»، «ساۋاتسىز ئەلدە سوتسىيالىزم قۇرغىلى بولمايدۇ!»، «4نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ ئاچقۇچى مائا-

رىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشتا! » . . . دېگەن مەزمۇندىكى شو-ئارلارنى رەڭلىك قەغەزلەرگە چىرايلىق يېزىپ ، يېزىلىق ھۆكۈمەت قورۇسىنىڭ ئىچى، دەرۋازىنىڭ ئۈستى - يانلى-رى ۋە يولدىكى تېرەك، تۈۋرۈكلەرگىچە چاپلىۋېتىپ، ئەمدىلا «ئۇھ!» دەپ تۇرۇشۇمغا يېزا باشلىقى ئالدىراش كىرىپ كەلدى - دە:

— تۇرۇڭ، كاتىپ ئۇكام؟ بىز ئىككى قولىمىزنى تۆت قىلالمايۋاتساق، ئىشخانىڭىزدا بىغەم ئولتۇرۇپسىزغۇ؟ سىز ھەر دائىم مېنىڭ يېنىمدا «نېمە ئىش بار» دەپ تۇرسىڭىز بولىدۇ، — دېدى خاپا بولۇپ.

— سىلى تاپشۇرغان ئىشلارنى ھازىر تۈگىتىپ كىرىشىم، — كوماندىرنىڭ ئالدىدىكى جەڭچىدەك دىققەتتە تۇرۇپ جاۋاب بەردىم.

— ھە، ئۇنداقتا ياخشى، — دېدى يېزا باشلىقى چىرا-يىغا بىلىنەر - بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — سىز ھازىر-لا ئەمەت ئاشپەزنىڭ ئاشخانىسىغا بېرىپ، ناھىيىدىن كەل-گەنلەرنى كۈتۈشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭ. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، كەچلىك تاماقتا بىر جىڭدىن شورپا پىشۇر-سۇن، تاماقتىن كېيىنكى چايغا نېمىلەرنى قىلساق بولار؟ . . . ھە، توغرا، سىز توختى توخۇچىنىڭ ئۆيىدىن تازا يۇمشاق پىشۇرۇلغان بىر قانچە توخۇ، باچكا، تۇخۇم ئەكەل-دۈرۈڭ، ھاكىم تۇخۇم سوقۇشتۇرۇپ ھاراق ئىچىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەيسا قاسساپ ئۇبدان سەمرىگەن پاقلاندىن بىرنى تونۇرغا تىقسىپ، دېگەن مۆھلەتتە ئاشخانىغا يەتكۈزۈپ بەرسۇن. . . ئۆتكەندىكىسى سەل تۇزلۇق بولۇپ قاپتى-

كەن، ھاكىمنىڭ خاپا بولغىنى ئېسىڭىزدە باردۇ؟ بۇ قېتىم تۈزى ئوبدان تەڭشەلسۇن.

— ئىچىملىكنىڭ قاندىقىنى ئالساق بولار؟

— قاندىقىنى دېگىنىڭىز نېمىسى؟ ئەلۋەتتە ئەڭ نوچىسىنى، ئەتىسى باشنى ئاغرىتماي، قورساقنى ئاچۇرۇپ، ئادەمنى تېتىك، يەڭگىل قوپۇرىدىغىنىنى ئالىسىز- دە، بۇ ئىشلارغا سىزنىڭ ئېپىڭىز بار. ھە راست، مۇھىم بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاسلا قاپتىمەن، مەكتەپ مۇدىرى باقىغا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ، خانىم- قىزلارنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ ئۆزى مەسئۇل بولۇپ ئېلىپ كەلسۇن، قىزلار كەلمىسە سورۇننىڭ پەيزى بولمايدۇ.

يېزا باشلىقى ئالدىراش چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ تاپشۇرۇقلىرىنى دېگىنى بويىچە بەجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەبجەق ۋېلىسىپىتىمنى كۆچەپ تېپىپ، سەھرانىڭ چاڭ- توزانلار ئۆرلەپ تۇرىدىغان كىچىككىنە بازىرىغا يول ئالدىم.

راستىنى دېگەندە، بۇنداق ئىشلارغا مېنىڭ خېلىلا ئېپىم بار ئىدى. ھېلىمۇ يېزا باشلىقى ئۆزى بىرمۇبىر تاپىلاپ چۈشەندۈردى. ئەگەر ئۇ ئورۇنلاشتۇرمىغان تەقدىردىمۇ، مەن ھەممىنى جايى- جايىدا قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەم، بولمىسا بۇ يېزا ئورگىنىدا كاتىپ بولۇپ تۇرالامەدىم؟ توغرا، بۇ مېنىڭ قولۇمدىن ئىش كېلىدىغانلىقىنى، سورۇن كۆرگەنلىكىمنى كۆرسىتىپ قويىدىغان ياخشى بىر پۇرسەت.

تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈمىكىدىكىلەر ئالدىن بې-

كىتىلگەن بىرقانچە نۇقتىلارنى كۆرۈپ، يېزا باشلىقىنىڭ ھەمراھلىقىدا، مەن يېرىم كۈن چېپىپ تەييارلىق قىلغان ئاشخانىغا كىردى، بۇ يېزا بازىرىدىكى ئەڭ چوڭ ئاشخانا ئىدى. چەت يېزا بولغىنىغا قارىماي ئاشخانىنىڭ تورۇسىغا زىننەت چىراغلىرى ئېسىلغان، ئاستىغا چىنە خىش ياتقۇزۇلۇپ ئالاھىدە ياسالغان قارا تۆمۈر ئورۇندۇق، نەپىس ياسالغان تاماق ئۈستىلى قويۇلغان، دېرىزىلەرگە ھاۋا رەڭ پەردىلەر تارتىلغان ئىدى. بىرقانچە ئورۇنغا خۇش پۇراق گۈجىلەر يېقىلغان بولۇپ، ئۇلاردىن چىققان سۇس ئىس ئاشخانا ھاۋاسىنى باشقىچە قىلىۋەتكەنىدى. ناھىيىنىڭ مائارىپقا مەسئۇل مۇئاۋىن ھاكىمى، مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى، مۇناسىۋەتلىك بۆلۈم - ئىشخانىلارنىڭ مەسئۇللىرىدىن بولۇپ ئون نەچچە كىشى ئۆز ئەمەل- مەرتىۋىسى بويىچە رەتلىك ئولتۇرۇشۇپ، يېزا مەسئۇللىرى ۋە باشقا ساھىبخانلارنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالاھىدە كۈتۈلمەكتە ئىدى. پىلان بويىچە شورپا، گىردە كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن توخۇ، باچكا كاۋاپلىرى، تۇخۇم، بىرقانچەخىل ئىسسىق، سوغۇق سەيلەر تارتىلدى. مەن «قانداقراق؟» دېگەن مەنىدە يېزا باشلىقىغا قاراپ قويدۇم، ئۇ ماڭا قارىماستىن ھاكىمنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئورنىدىن تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مەن بىر- ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، بىز بۈگۈن توغراق يېزىسىنىڭ ئىككى خىل مائارىپىنى تەكشۈرۈپ، تەتقىق قىلدۇق، بىرقانچە نۇقتىلارنى كۆردۇق. مەسئۇل

يولداشلارنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىدۇق. بۇلاردىن بىلىشىمىزچە غولتوغراق يېزىسى ئىككى خىل مائارىپنى چىڭ تۇتقان، بولۇپمۇ يېزا باشلىقى بۇ خىزمەتكە ئۆزى بىۋاستە مەسئۇل بولۇپ، پىلانلىق، ئىنچىكە ئىشلىگەن. شۇڭا، توغراق يېزىسىنىڭ ئىككى خىل مائارىپى تەلەپكە لايىق، ياخشى ئىشلەنگەن، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. . .

خۇددى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك چېلىنغان چاۋاك ئۇنىڭ سۆزىنى بېسىپ چۈشتى. يېزا باشلىقى قاتتىق ھاياجانلانغان بولسا كېرەك، كېلەڭسىز بەدىنىگە ماس كەلمىگەن چاققانلىق بىلەن غاز بويۇن رومكىغا بېلىق كۆزى قىلىپ ھاراق قۇيۇپ ئاۋۋال مۇئاۋىن ھاكىمغا، ئۇنىڭدىن كېيىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا سۇندى. ئەمدى ھەممە ئۇستەلدىكىلەر بەس - بەستە ئىچىشكە باشلىدى. 5—6رومكىدىن ئىچىلگەندىن كېيىن ھەممەيلەننىڭ كەيپىياتى بىراقلا كۆتۈرۈلدى. مەڭزلىرى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ، ئېغىزلىرى ئېچىلدى. بايىدىن بېرى بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇرغان مۇئاۋىن ھاكىم ئەمدىلىكتە تەشەببۇسكار بولۇپ، باشقىلار بىلەن بىرقانچە رومكا كۆتۈرۈۋەتتى. ھاكىم بىلەن رومكا سوقۇشتۇرۇپ ئىچىشكە نېسىپبولغانلارنىڭ كەيپىياتى باشقىچىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇلار خۇددى چىراغنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەن پەرۋانىگە ئوخشاش ھاكىمنىڭ يېنىغا ئورۇندۇقلىرىنى ئەكېلىپ ئولتۇرۇپ بىرى تاماكا سۇنسا، بىرلىرى تۇتاشتۇرۇش، بىرى ھاكىمنىڭ ئەمدىلا ئىچىپ قويغان قىزىق چېيىنى تۆكۈۋېتىپ يېڭىلاش بىلەن ئاۋارە ئىدى. يېزا باشلىقىنىڭ ئىشارەت

قىلىشى بىلەن قىزلاردىن بىرى ھاكىمنى تانسىغا تارتتى. يېزا باشلىقى ھاكىمنىڭ تانسا ئويناشقا ھەۋەس بىلەن قاراپ ئولتۇراتتى.

بىرقانچە قول تانسا ئوينالغاندىن كېيىن، مۇزىكىنىڭ توختىشىغىلا يېزا باشلىقى ئالدىراش ئوتتۇرىغا چىقىپ ئېغىز ئاچتى:

— رەھبەرلەر، يولداشلار! — دېدى ئۇ ئاۋازىنى سەل كۆتۈرۈپ، — مەن بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلاي، يېزىمىزنىڭ ئىككى خىل مائارىپنى ناھىيىنىڭ تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدىن ناھايىتى ياخشى ئۆتۈپ كەتتى. ناھىيىدىن كەلگەن رەھبەرلەرنىڭ خىزمەتلىرىمىزگە يۇقىرى باھا بەرگەنلىكىگە، خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلغانلىقىغا كۆپ رەھمەت ئېيتىمىز. بىز بۇنىڭدىن كېيىنمۇ خىزمەت ئىشلەشتە ھەرگىز بېلىمىزنى قويۇۋەتمەيمىز. 3 - ، 4 - خىل مائارىپنى تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋېلىش ئىشلىرىنىمۇ چوقۇم ناھىيە بويىچە 1 - ئورۇنغا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىمىز. . .

يېزا باشلىقىنىڭ سۆزى ئېگىز - پەس، قالايمىقان چېلىنغان چاۋاك بىلەن ئاخىرلاشتى. مۇزىكا قويۇلۇشى بىلەنلا مېھمانلار يەنە بەس - بەستە تانسىغا چۈشتى. ئەمدىلىكتە ئەرلەرنىڭ ھەممىسى خۇددى بىركىم كوماندا بەرگەندەك يوپۇرۇلۇپ قىزلارنىڭ ئالدىغا ئۆزلىرىنى ئاتتى. ئەرلەر دەلدەڭشىگەن پېتى تانسا ئويناماقتا ئىدى. كىمدۇر بىرىنى قايسى مەكتەپكە يۆتكەپ قويۇش ھەققىدە قايتا - قايتا ۋەدە بەرمەكتە ئىدى. مەن يېزا باشلىقىنىڭ «3 - ، 4 - خىل مائارىپنى تەكشۈرۈشتىمۇ چوقۇم 1 - بولىمىز»

دېگەن سۆزىدىن گاڭگىراپ ئولتۇراتتىم. قېرىشقاندەك ماڭا يېقىن ئولتۇرغان يېزىنىڭ مالىيە خادىمى سوراپ قالدى.

— هوي كاتىپ ئۇكام، بۇ نېمە گەپ ئەمدى. يېزا باشلىقى 3 ـ، 4 ـ خىل مائارىپنى 1 ـ بولۇپ ئۆتكۈزۈپ بېرىمىز دەۋاتىدىغۇ. بۇ ئىشنى مۇشۇ قېتىم تۇگەيدۇ دې-سەم، يەنە بار ئوخشىمامدۇ؟ دېگىنە، ئۇكام، مائارىپنىڭ خىلى ئون نەچچىگە بارامدۇ ۋە ياكى؟...

ئۇ مەندىن جاۋاب كۈتۈپ ئاغزىمغا قارايتتى. مەن نېمە دېيىشىمنى بىلمەيتتىم. بىردىنلا كۆڭلۈم يېرىم بولدى: مۇبادا يېزا باشلىقى ساۋاتىنى تولۇق چىقارغان بولسا...

مەن ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتىم. قەدەملىرىم تولىمۇ ئېغىر، قولۇمدىكى ئاچچىق تاماكىنى كۈچەپ شورايمەن، ئاشخانىدىن ئاڭلانغان لەرزان مۇزىكا ساداسى «خوشە! خوش» دېگەن ئېگىز ـ پەس ئاۋازلار، ئالىتاغىل كۈلكە... تۈن قوينىغا ئاستا ـ ئاستا سىڭمەك-تە. مەن ئاسمانغا قارىدىم، ئاسماندا نە ئاي، نە بىرەر يۇلتۇزمۇ كۆرۈنمەيدۇ. كائىنات خۇددى قازاننى دۈم كۆمە-تۈرۈپ قويغاندەك قاپقاراڭغۇ... لېكىن، مەن ئاينىڭ هامان يۇلتۇزلارنى ئەگەشتۈرۈپ بۇ سەهرا ئاسمىنىنى يو-رۇتىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مەن چوڭ ـ چوڭ قەدەم ئې-لىپ ئاشخانىدىن يىراقلاپ كەتتىم.

1996ـ يىل 12ـ ئاي، خوتەن

# ئازابلىنىش

ئۇ، ئىدارىسىدىن بىر ھەپتىلىك رۇخسەت ئېلىپ پۇتكۇل تەييارلىقنى پۇتكۇزۇپ، ئۆز ئىدارىسىدىكى خىز-مەتداشلىرى، سىرتتىكى تونۇش، ساۋاقداش، يۇتداشلىرى-نىڭ ھەممىسىگە رېتى بويىچە باغاقلارنى يېزىپ تارقىتىپ بولدى. ھەي! . . . «توي قىلماق، شەھەر ئالماق» دېگەن راست گەپ ئوخشايدۇ. بىرقانچە كۇندىن بېرى شۇنچە قات-راپ تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، يەنە بىرنەرسە كەمدەك قىلى-دىغۇ؟ يەنە قايسى ئىشلار قالغاندۇ زادى؟ . . .

توغرا، دوكلات قىلىش! ھەي. . . ئۇ ئويلىغانسېرى ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەپ قاتتىق ئازابلاندى. ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك بىئارام بولۇپ، بىر چاغقىچە كۆز يۇممىدى. ئاخىر كۆڭلىدە يېڭى پىلانلارنى تۈزۈپ، ئۆزىگە ئۆزى تە-سەللى بېرىپ ئاستا - ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى.

— ساۋۇت ئاخۇن، تۇرسىلا ئورۇنلىرىدىن، قاچانغى-چە تۇگىمەيدىغان ئۇيقۇ بۇ؟— ئايالى خاپا بولۇپ ئۇنى نوقۇپ ئويغاتتى.

— مانا، مانا ھازىر. . . — ئۇ ئورنىدىن ئالدىراش

تۇردى ۋە يۈز - كۆزلىرىنى چالا - پۇلا يۇيۇپ، ئالدىراپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن «مەن ئىدارىگە بېرىپ كېلەي» دەپلا چىقىپ كەتتى. ئايالى ئۇنىڭ رۇخسەت ئېلىپ تۇرۇپ-مۇ يەنە ئىدارىگە كەتكەنلىكىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئارقى-سىدىن قاراپ قالدى.

ساۋۇت قادىر ئەمگەك ئىدارىسىدە بىر بۆلۈمنىڭ مەس-ئۇلى ئىدى. ئۇ ئىدارە مەسئۇللىرىغا بولۇشىغا ئېگىلىپ كۈلكىلىك سالام قىلسا، ئەمەل مەرتىۋىسى يوق كىشىلەرنى كۆرسە خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك غادىيىپلا ئۆتۈپ كېتەت-تى. ئەگەر ئۇلارغا بىرەر ھاجىتى چۈشكۈدەك بولسا، چىرا-يى ئاپتاپتەك ئېچىلىپ، يىراقتىن سالام قىلىپ، ئەھۋال سورايتتى. ئۇ كىشىنى يۈزىدىن يۈزىگە ماختاپ ئۇچۇرات-تى. ئۇ بۈگۈنمۇ كونا ئادىتى بويىچە ئاتايىن ئىدارىگە كەل-دى. ئەتە ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تويى. ئۇ باشقىلارنىڭ تويىغا دەرىجىسىگە قاراپ خۇشى كەلسە باردى، خۇشى كەلمىسە بارمىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تويىغا ئەلۋەتتە ئىدارى-دىكى ھەممە كىشى بېرىشى، قول باغلاپ «خوش-خوش!» دەپ تۇرۇشى، پايپىتەك بولۇپ خىزمەت قىلىشى كېرەك. بۈگۈن دەل ھەل قىلغۇچ پەيت. ئۇ ئىدارە باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ تويىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى دوكلات قىلىشى، شۇنداقلا باشلىقنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، باشقىلارغا ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشى كېرەك. توغرا، زۆرۈر تېپىلغاندا ھەر-قايسى بۆلۈم، ئىشخانىلارغا كىرىپ خىزمەتچىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ باغاقىنىڭ تەگكەن - تەگمىگەنلىكىنى سۈرۈشتە قىلىپ، بەزىلىرىنى بۇرۇنراق بېرىشقا ئېيتىپ قويۇشى

كېرەك. بۇ ئىشلارنىڭ ئەتىكى تويغا بىۋاسىتە تەسىرى بولىدۇ. پەيتنى تاللاش دېگەن مۇشۇ ـ دە، بۇلا ئەمەس، مۇھىمى، ئۇ كونا ئادىتى بويىچە توي تەييارلىقىنى باشلىغا دوكلات قىلمىسا قانداق بولىدۇ؟ ئۇ خىزمەت قىلغان 20 نەچچە يىلدىن بېرى ھەر كۈنلۈك ئىشلارنى باشلىققا ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ كەلگەن، ئىشتىن بۇرۇن مەسلىھەت سوردىغان، ئۆزىنىڭ قانداق باش قاتۇرغانلىقىنى، كىملەرنىڭ خىزمەتتە سۇسلۇق قىلغانلىقىنى زارلىنىپ مەلۇم قىلغان. ئاشۇنداق جاپالىق ئىشلەش، تىنىمسىز دوكلات قىلىش بەدىلىگە بۆلۈم مەسئۇلىلىق تاجىسىنى كىيگەن تۇرسا. . . «ھەي، ئەسلى توي تەييارلىقىنى قىلىشتىن بۇرۇن كېتەرلىك نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى، تويغا چاقىرىدىغان ئادەملەرنىڭ ئىسىملىكىنى باشلىققا دوكلات قىلىپ تەستىقىنى ئالىدىغان گەپ ئىدى، مۇشۇ بىرقېتىم خوتۇن كىشىنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئىشنى چالا قىلىپ قويدۇم ـ دە، ئەمدى باشلىق نېمىدەپ قالار؟ . . .»

ئۇ خىيال بىلەن ئىدارە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى. ئۇ تونۇش، سۆيۈملۈك، پارقىراق ئىشىككە بىرھازا ئەيمىنىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆپكىسىنى بېسىۋېلىپ ئاۋايلاپ چەكتى.

— تاك. . . تاك. . . تاك. . .

بىراق، باشلىقنىڭ «كىرىڭ» دېگەن مۇبارەك ئاۋازى ئاڭلانمىدى. ئۇ يەنە چېكىۋېرىشتىن يالتايدى: «بەلكى باشلىق جىددىي بىر ئىشنى مۇزاكىرە قىلىۋاتسا كېرەك.

سەل تەخىر قىلىپ كۈتۈپ تۇراي، ئۇ سىرتقا چىققاندا مېنىڭ مۇشۇ يەردە ساقلاپ تۇرغانلىقىمنى كۆرسە قانداق ياخشى - ھە...» ئۇ شۇ خىيال بىلەن بىر سائەتتەك ساقلىدى. يا باشلىقنىڭ «كىرىڭ!» دېگەن ئاۋازى ئاڭلانمىدى، يا ئۆزى چىقمىدى. باشقا ئىشخانىدىكىلەر ئۇنىڭغا قاراپ مەنىلىك كۈلۈپ قويۇشۇپ، ئىشىكلىرىنى تاقاپ قايتىشتى. ئۇ ئاخىرقى قېتىم يەنە چېكىپ باقماقچى بولۇپ بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى، ئىشخانىغا سېلىنغان يوغان قارا چويۇن قۇلۇپقا كۆزى چۈشتى - دە، تۇرۇپلا قالدى.

1997- يىل 1- ئاي، خوتەن

# ئوغرى

ئاخشامقى زىياپەتنىڭ تەسىرىدىن بوگون ۋاقچىراق تۇرغان باشقارما باشلىقى ئايۇپ نۇر ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ ئىشخانىسىغا كىردى - دە، داڭ قېتىپ تۇ- رۇپ قالدى. ئۇ بىرھازا سۇكۇتتىن كېيىن بىرسى بېشىدىن بىر چېلەك سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى - دە، دەرھال ئىشخانىنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ قويۇپ ئىشكى ئوچۇق تۇرغان بىخەتەرلىك ئىشكاپىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرگى- نىچە بېرىپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىنى ئاختۇ- رۇشقا باشلىدى. بىخەتەرلىك ئىشكاپىنىڭ ئىچىدە ئانچە مۇھىم بولمىغان ماتېرىيال، ھۆججەتلەر قالايمىقان چېچى- لىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكى قالايمىقان سوقۇپ، ئۆپكى- سى ئاغزىغا كەپلىشىپ قالاي دەپ قالدى. پېشانىسىنى مونچاق- مونچاق تەر دانىچىلىرى قاپلىدى. ئۇ ئالاقزادىلىك ئىچىدە تازا ئىشەنچ قىلالمىدىمۇ - قانداق، ئىش ئۇستىلى- نىڭ ئۇدۇلىدىكى باشقا بىر بىخەتەرلىك ئىشكاپىنى ئالدى- راش ئېچىپ كۆردى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ماتېرىيال، ئار- خىپلار شۇ پېتى تۇراتتى. بۇنىڭدىن ئۇ ھېلىقى نەرسىلەرنى ئاشۇ ئىشىكى ئوچۇق ئىشكاپتا قويغانلىقىنى جەزملەشتۇر-

دى. ماۋۇ كىلىشمەسلىكنى كۆرۈك، «ئوغرىنى قاراقچى ئۇردى» دېگەن شۇ - دە!

خوتۇن كىشى ئىشەنچسىز، ئوسال بولسا، ئەركىشى-نى نەس باسقىنى باسقان. ئۇ ئالدىنقى يىلى ئايالى بىلەن جېدەللىشىپ قالدى. ئۇنىڭ ئايالىمۇ تازا كۆنداشلىقى كۈچلۈك خوتۇن. باشقارمىغا يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان ھېلىقى چىرايلىق قىز پاشاگۇلدىن ئۇنى كۈنلەپ «بىر تاختا قوغۇننى بىر تېيىن» قىلغىلى تاس قالدى. باشقارما باشلىقى بولغان ئادەم ئۆزىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالغان قىزغا بىرەر تال ئۇزۇك سوۋغا قىلسا نېمە بولاتتى؟ قايسى ئۇزۇن قۇلاق بۇ ئىشنى بىلىپ قالدىكىن، ئۇنىڭ ئايالىغا بىرنى ئون قىلىپ خەۋەر يەتكۈزدى. ئايالى خۇددى بوراندەك گۇركىرەپ، ئىتتەك قاۋاپ، ھەممىنى چىشلەپ شالىنى چېچىپ ئۇنى بوش ئاۋارە قىلىدى. باشقارمىنىڭ باشلىقى بولغان ئادەمنى ئايالى ئىدارىسىگە كېلىپ كىملەر بىلەن ئاشنا ئوينىغانلىقى، كىملەردىن قانداق پارا ئالغانلىقى، كىملەرگە سوۋغا تەقدىم قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى خەلقئا-لەم ئالدىدا جاكارلايمەن دېسە، ئۇنىڭ يۈزى تۆكۈلمەمدۇ؟... ئۇ ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى مەھكەم تاقاپ قويۇپ، بارلىق چىرايلىق، ياغلىما سۆزلەر-نى دەپ يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ، ئايالىنىڭ بارلىق شەرتلىرى-گە ماقۇل بولۇپ، ئاران دېگەندە ئاغزىنى بېسىقتۇرۇپ، ماشىنىسىدا ئۆيگە ئاپىرىپ قويغانىدى. ئۇ شۇ ۋەقەدىن كېيىن ئايالىدىن ئېھتىيات قىلىدىغان، ئىلگىركىدەك ئې-چىلىپ - يېيىلىپ سۆزلەشمەيدىغان بولۇپ قالدى، بولۇپ-

مۇ ھەجەتمەنلەر ئېلىپ كەلگەن تۇرلۇك سوۋغاتلارنى ئۆيىد-
گە قەتئىي ئاپارمىدى. بۇنىڭ بىلەن ئايالىنىڭ ئالدىدا
«پاك - دىيانەتلىك ئەمەلدار» بولۇپ، قويرۇقىنى تۇتقۇز-
ماي كەلگەنىدى. ھەي. . . ئايالى ئىشەنچلىك بولۇپ، ئۇ-
زۇمنى يەپ شىڭگىلىنى سورىمىغان بولسا بۇنچە قىممەت
باھالىق نەرسىلەرنى ئىشخانىسىدا قويۇپ نېمىش قىلىدۇ؟
ھەرنېمە بولسا ئالدىنقى كۈنى بىر جۈپ ئۈزۈك بىلەن بىر
زەنجىرنى ھېلىقى يەرگە بېرىۋەتكەن ئىكەن، بولمىسا ھەم-
مىسى بىراقلا تۇگەيدىكەن ئەمەسمۇ؟ . . .
ئۇ ئالتۇن زىننەت بۇيۇملىرى سېلىنغان بىخەتەرلىك
ئىشكاپىنى تەپسىلىي ئاختۇرۇپ كۆردى. «ئۇنداقمۇ بولۇپ
كەتمەس، ئوبدانراق قاراپ باقاي.» ئۇ شۇ خىيال بىلەن
ئىشكاپنىڭ ئىچىدىكى ماتېرىياللارنى بىرمۇبىر ئېلىپ قې-
قىشتۇرۇپ كۆردى، ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ قولىغا بىر
پارچە خەت چىقتى. ئۇ ناتونۇش پۇچۇركىلىق بۇ خەتنى
ئالدىراش ئوقۇشقا باشلىدى:
«ھۆرمەتلىك جانابىي ئايۇپ چۇجاڭ، مەن سىزنىڭ
ئىشكاپىڭىزدىكى ئۈچ جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك، 9زەنجىر،
12دانە ئۈزۈك قاتارلىق قىممەت باھالىق زىبۇزىننەتلەرنى
ئوغرىلىغان ئوغرى بولىمەن. چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئەسلىي
سىزنىڭ ئەمەس، مەن بۇلارنى سىزگە كىملەرنىڭ قانداق
ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئەكېلىپ بەرگەنلىكىنى ئوبدان
بىلىمەن. بۇ نەرسىلەر سىزگە ھارام، ماڭىمۇ ھارام.
شۇڭا، بۇلارنى سېتىپ پۇلىنى بۇزماستىن قىشتا ئۆيلىرد-
دىن بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان بىچارەنامراتلارغا( دەل سىز

تۇغۇلغان يېزىدىكى) سىزنىڭ نامىڭىزدا ئەۋەتىپ بەرمەكچىمەن. ئۇلار بۇ پۇللار بىلەن بىرئاز قەددىنى رۇسلىۋالسا، قىشتىن ئامان - ئېسەن ئەتىيازغا ئۇلىشىۋالسا ئەجەب ئەمەس. خاتىرجەم بولۇڭ، بىر پۇڭىنىمۇ ھەرگىز خەجلىۋالمايمەن. سىزنى پاراكەندە قىلدىم. ھۆرمەت بىلەن ئوغرى »

ئايۇپ نۇرنىڭ خەتنى تۇتقان قوللىرى تىترەپ كەتتى. خۇددى بىرەرسى بۇ خەتنى ئۇنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئوقۇۋالغاندەك چۆچۈپ ئارقىسىغا — ئىشىكنىڭ بىخەتەر قۇلۇپىغا قارىدى. قۇلۇپ ئىچىدىن ئېتىكلىك ئىدى. ئۇ خاتىرجەم بولغان ھالدا ئاستا ئورنىدىن تۇردى. مەزمۇت تۇگۈلگەن قولىدا ھېلىقى خەت پۇرلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سىرتقا قارىدى: سىرتتا قار لەپىلدەپ ياغماقتا. ئۇ دېرىزىنى قىيا ئېچىپ قويۇپ پەسكە قارىدى: ئاسفالت يولغا چۈشكەن قارلار ئۆزۈلمەي مېڭىۋاتقان ماشىنا ۋە ئادەملەرنىڭ يانجىشى بىلەن ئېرىگەن. قۇياش ئۆزىنىڭ ئاجىز نۇرىنى ئايىــمــاي تــۆكــمــەكــتــە ئىدى. . . ئۇ دېرىزە سىرتىدىن كىرگەن سوغۇق قار ئارىلاش شامالدىن سەگىدىمۇ - قانداق، قولىدىكى ھېلىقى خەتنى يەنە باشقىدىن ئوقۇپ چىقتى - دە، يىرتىپ پارچە - پارچە قىلىپ دېرىزىدىن پەسكە تاشلىدى. قاردەك چوڭلۇقتا يىرتىلغان قەغەز پارچىلىرى ئاپئاق قار بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە چۈشۈپ توختىدى.

1997- يىل 1- ئاي، خوتەن

## «تەبىئىي ئاپەت»

يېزا باشلىقى قاسىمنىڭ غەزىپى خۇددى تۇيۇقسىز هاۋا گۈلدۈرلەپ، چاقماق چاقناندەك شۇنداق تېز كەلدى. گۆرەن تومۇرلىرى كۆپۈپ، گۆشلۈك چىرايى تاتىرىپ، پېشانىسىنى يول - يول سىزىقلار قاپلىدى. چېقىر كۆز ئالمىلىرى قېلىن، سېلىنىپ تۇرىدىغان قاپىقىدىن هازىرلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ۋېلىسىپىتكە ئار-تىلغان يېرىم خالتا ئۇندەك، كەمىرىدىن ئاستىغا ساڭگىلاپ تۇرغان قورسىقى بۇ ئاچچىقنى سىغدۇرالمىغاندەك كۆپۈپ كەتكەنىدى. ئۇ مەيدە يانچۇقىدىن چىرايلىق كېسىپ قويۇل-غان گېزىت قەغىزىنى ئېلىپ، ئاچچىق موخۇركىسىنى ئوراشقا باشلىدى. لېكىن، قوللىرى تىترەپ تۇرغاچقا قە-غەزدىكى موخۇركىلارنىڭ هەممىسى تۆكۈلۈپ يەرگە چۈش-تى. ئۇ قايتىدىن موخۇركا ئېلىپ ئالدىرىماي ئوراپ، قېلىن لەۋلىرى ئارىسىغا قىستۇردى - دە، سەرەڭگە ئىز-دەپ يانچۇقىغا قول سالدى. ئەمما، سەرەڭگە قېپى قۇرۇق ئىدى. ئۇ قۇرۇق قاپنى غەزەپ بىلەن يەرگە تاشلاپ، ئاچچىق بىلەن دەسسىدى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن كا-

تىپ يىگىت تېزلىكتە كېلىپ چاقمىقىنى ياندۇردى.

يېزا باشلىقى ئاچچىق تاماكىسىنى كۆچەپ - كۆچەپ شوراپ، ئېغىز - بۇرنىدىن قويۇق ئىس چىقارغاندىن كېيىن، يەنە ئېغىز ئاچتى:

— قانداق گەپ ئۆزى، تېخى ئەكەلگىلى بىر ئايمۇ بولمىغان ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى قايسى قولاق كەستى چېقىۋەتتى؟ ھەي شوپۇر ئاداش، سەن بۇنىڭغا مەسئۇلمۇ - ئەمەسمۇ؟ گەپ قىلماي بېزىرىپ تۇرۇسەنغۇ، دەرھال بۇزغۇنچىنى تاپ، تۆلەت، بولمىسا ئېغىلدىكى قوي، كالاڭنى سېتىپ بولغۇندىن قالدۇرماي ئەينەكنى سالدۇر!

ئۇ تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى شوپۇرنىڭ كۆزلىرىگە شىلتىپ سۆزلىمەكتە ئىدى. باشلىقنىڭ سىزىقىدىن چىقمايدىغان ياۋاش شوپۇر خۇددى چوڭ گۇناھ ئۆتكۈزگەندەك تىرناقلىرىنىڭ كىرىنى تاتىلاپ، يەردىن ئۇستۇن قارىماي تۇراتتى. تاماشا كۆرۈۋاتقان بىر توپ بىكار تەلەپ كىشىلەر ئالدى ئەينىكى پۈتۈنلەي سۇنۇپ چۇل - چۇل بولۇپ كەتكەن ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا ئەگىپ يۈرۈپ، ئەينەك پارچىلىرىنى قوللىرىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - ئۆرۈپ كۆرۈپ، يېزا باشلىقىنىڭ ئوغىسىنى تېخىمۇ قايناتماقتا ئىدى:

— ھەي، قايسى كەپسىزنىڭ قىلغان ئىشىدۇ، ئاتائانىسى تەربىيە بەرمەمدىغاندۇ؟ . . .

— قاراڭلار، بىر چىرايلىق تۇرغان ئەينەكنى چېقىۋەتكىنى نېمىسى؟

— قارىغاندا ماشىنىنىڭ ماۋۇ يېرىگە چىقىپ تاش بىلەن ئۇرغاندەك قىلىدۇ. . .

— ھەي. . . بۇ ئەينەك شۇنداق قىلىن، سۇپەتلىك ئىكەن ئەمەسمۇ، ئەمدى بۇ خىلدىكى ئەينەكتىن تەس تېپىلىدۇ جۇمۇ؟. . .

— ھەي، بايا چىققان بوراندا چىقىلىپ كەتتىمۇ- يا؟

— تۇزۇك گەپ قىلساڭلارچۇ. . .

كىشىلەر ماشىنا ئەتراپىدىكى كىچىك بالىلارنىڭ قالايمىقان ئىزلىرىنى ئۆزلىرىچە تەكشۈرمەكتە، كىمنىڭ بالىلىرى چاققان بولۇشى مۇمكىنلىكىنى پەرەز قىلىشماقتا ئىدى. لېكىن، پۈتۈن مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالىدىغان شوپۇر نېمىشقىدۇر بۇ پەرەزلەرگە ئارىلاشماي، يا بالىلارنىڭ ئىزلىرىنى تەكشۈرمەي بىر چەتتە گەپ - سۆزسىز تۇراتتى. ئۇ غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن يېزا باشلىقىغا ئەيمىنىپ قاراپ، گەپ قىلماقچى بولاتتىيۇ، يەنە ئاغزىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزىنى يۇتۇۋېتەتتى.

شوپۇر يېزا باشلىقى دېگەندەك ئۇنداق مەسئۇلىيەتسىز ئەمەس ئىدى. ئۇ بايا كېلىپلا ماشىنىنىڭ ئەينىكىنىڭ سۇنغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەنىدى. ئۇ نېرىراقتا ئويناپ يۈرگەن بالىلاردىن سۈرۈشتە قىلىۋىدى، بالىلارنىڭ ھەممىسى تەڭلا: «قەيسەر چېقىۋەتتى. ئۇ دادامنىڭ ماشىنىسى بولغاندىكەن چاقسام نېمە كارىڭ، دەپ ئۆيگە كەتتى» دېيىشتى. شوپۇر شۇنداقتىمۇ تازا ئىشەنچ قىلالماي، يېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ سۈرۈشتە قىلىۋىدى، ئەھۋال راست بولۇپ چىقتى. ئۇ بۇلارنى ئۇقۇپ كەلسە، باشلىق بۇ يەردە ماشىنىغا قاراپ ئاچچىقلاپ تۇراتتى. ئەمما بىچارە نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟ بۇنچە ئادەمنىڭ ئالدىدا «ئەينەكنى

سىلىنىڭ ئەتىۋارلىق نەۋرىلىرى قەيسەرجان چىقىۋېتىپتۇ»
دېسە قانداق بولىدۇ؟ دېمەي دېسە باشلىق ئۇنى ھە دەپ
سەتلەپ «ئانا مانىسىنى قويۇۋاتسا»، گەپ - سۆزسىز دەر-
دىنى ئۆزى بىلىپ زىياننى تۆلەي دېسە، كەم دېگەندىمۇ
1000 يۈەن كېتىدىغان گەپ. پۇلنىغۇ بىرنېمىلەرنى قىد-
لىپ تاپار، لېكىن بۇ ئىش ئۇنىڭ پېشانىسىدىن مەڭگۇ
كەتمەيدۇ. ئۇ باشلىقنىڭ مىجەزىنى ناھايىتى ئوبدان بىلە-
دۇ. شۇڭا، بۇ ئىشنى ۋاقتىدا ئايدىڭلاشتۇرۇۋەتكەن تۇ-
زۇك.

— ھەي شوپۇر ئاداش، گەپ قىلمايسەنغۇ ئۆزى، —
باشلىق سۆزسىز خىيال سۈرۈپ تۇرغان شوپۇرنىڭ يېنىغا
كېلىپ سىلىقراق سۆزلىدى، — سەنمۇ بىلىسەن، بۇ ئىشتا
سېنىڭ مەسئۇلىيىتىڭ بار. زىياننى چوقۇم بۇ ئىشنى
قىلغان ئادەم تۆلەيدۇ. ئۇ ئادەم تېپىلمىسا سەن تۆلەيسەن.
ھۆكۈمەت پۇلىغا سالدۇرىمىزمىكىن دەپ، چۆچۈرىنى خام
سانىما. مەركەز چىقىمنى ئازايتىپ، ئىقتىسادنى تېجەشنى
تەشەببۇس قىلىۋاتقىلى نەۋاق.

— يېزا باشلىقى... سىلىگە... بىر ئېغىز... —
شوپۇر دۇدۇقلاپ تەستە ئېغىز ئاچتى.

— ھە، نېمە گەپ، — يېزا باشلىقى ئۇنىڭغا يەنە
غەزەپ بىلەن قارىدى.

— سىلىگە بىر ئېغىز گەپ... — شوپۇر باشلىقنىڭ
قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى.

— ھە!... — يېزا باشلىقى تۇرۇپلا قالدى. ئۇ
موخۇركىسىنى ئالدىرىماي شورىدى. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى

قاتتىق بوراندىن كېيىنكى ئاسمانغا ئوخشاش ئاستا ـ ئاستا سۈزۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ شوپۇرغا بۇرۇلدى ـ دە:
— ئەينەكنى بوران چىقىشۋېتىپتۇ دېدىڭىزمۇ، ئەمەت ـ جان ئۇستام، ئەتىدىن بېرى تاڭگازا چىشلىشۋالغاندەك تۇر ـ ماي بۇرۇنراق شۇنداق دېسىڭىز بولمامدۇ؟ ھەي، بۇ تەبى ـ ئىي ئاپەتنىڭ بىزنىڭ ئېتىز ـ ئېرىق، مال ـ چارۋىلىرى ـ مىزغا سېلىۋاتقان زىيىنى ئازلىق قىلىۋاتقاندەك بىر ئوبدان تۇرغان ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چاققىنىنى دېسە... — دېدى ۋەزمىن ئاھاڭدا.
— شۇنداق، شۇنداق يېزا باشلىقى، — دېدى پۈت ـ قولىغا جان كىرىشكە باشلىغان شوپۇر ئالدىراپ، — بۇ لەنتى بوراننى شۇ...
— تەبىئىي ئاپەت ئېلىپ كەلگەن زىيانغا ھۆكۈمەت ئىگە. دەرھال بېرىپ مالىيە مۇدىرىنى تېپىپ، ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى سالدۇرۇۋېتىڭ. ماشىنا بۇنداق تۇرسا سىز بى ـ لەن ماڭىمۇ سەتتە، — دېدى باشلىق بۇيرۇق تەلەپپۇزدا.

1997 ـ يىل 1 ـ ئاي، خوتەن

# ئۇچۇر

ئۇ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بىرىدە چىقىدىغان «پەن-تېخنىكا ئۇچۇرلىرى» گېزىتىنى كۆرۈپ، ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيلا قالدى. «3000 يۇەن ئەۋەتسە، كۈنىگە ئىككى توننا پىۋا ئىشلەپچىقىرالايدىغان زاۋۇت، پىۋا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مەخپىي رېتسىپى ۋە زاۋۇتنى چۈشەندۈرۈش قوللانمىسى قوشۇپ ئەۋەتىلىدۇ» دېگەن ئېلان گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ باش تەرىپىگە، ئالاھىدە رامكا ئىچىگە ئېلىپ بېرىلگەنىدى.

ئۇ قايتا - قايتا ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، گېزىتنى بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، دەرھال سىېلىۋالدى. ئاندىن ئۆيىگە كېلىپ، زاۋۇتنى ئەكەلدۈرۈش، پىۋا ئىشلەپچىقارغاندىن كېيىنكى پىلان - تەسەۋۋۇرلىرىنى ئايالىغا تەپسىلىي چۈشەندۈردى. ئايالى ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلگەچكە، ئىچىدە نارازى بولسىمۇ، نائىلاج ماقۇل بولدى.

جىمجىت كېچە، پۈتۈن كائىنات تىنچ ئۇيقۇغا چۆمگەن، پەقەت ئاسماندا ئاستا ئۈزۈپ يۈرگەن تولۇن ئاي ئۇنىڭ شېرىن خىيالى، ئارزۇ - تىلەكلىرىگە ھەمدەم بو-

لۇپ مەدەت بەرمەكتە، يۇلتۇزلار ئۇنىڭغا كۆز قىسىپ ھەۋەس بىلەن قارىماقتا ئىدى. «كۈنىگە 2 توننا پىۋا ئىشلەپچىقارسام، بۇ شەھەرنى پۈتۈنلەي پىۋا بىلەن مەنلا تەمىنلەيمەن دېگەن سۆز، توغرا، يەنە يېقىن ئەتراپتىكى ناھىيە - بازارلارنىمۇ تەمىنلەيمەن. ئۇ يەرلەردىمۇ سېتىش نۇقتىلىرىنى قۇرۇپ باشقا ئورۇنلارنىڭ پىۋىلىرىنى ياتقۇ- زۇۋېتىمەن. . . ئۇ چاغدا پۇل دېگەن خۇددى كەچكۈزدىكى غازاڭدەك ئۇچۇپ چۈنتەككە كىرىۋېرىدۇ. . . پۇل تاپىمەن دەپ ئاز رىيازەت چەكتىممۇ؟ ئاشخانا ئاچتىم، كەچلىك بازاردا كاللا- پاچاق پىشۇرۇپ ساتتىم، ۋېلىسىپىت سودى- سى قىلدىم، توۋا دەيمەن، ئازغىنا پۇل تاپسام ئىدارە باشلىقىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۆتى يېرىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. . . ئەمدى قانداق قىلاركىن، ئۇنىڭ ئالدىمدا يەتتە تەزىم قىلىپ ماڭمىغىنىنى بىر كۆرەي. . . چۈنكى، پۇلى بار نوچى. . . » دېگەن تاتلىق خىياللار ئىچىدە ئاستا - ئاستا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ «ئامەتلىكلەر پىۋا زاۋۇتى» دېگەن ۋىۋىسكا ئېسىلغان بەش قەۋەتلىك بىنانىڭ مەرمەر پەشتىقى- دا قولىنى كەينىگە تۇتۇپ مەغرۇر تۇرماقتا. زاۋۇتنىڭ ئېسىل پىۋىلىرى ماشىنىلارغا بېسىلىپ ئايىغى ئۈزۈلمەي توشۇلماقتا. . . زاۋۇتنىڭ قارشىسىدىكى «جاھان كەزدى- لەر سوغۇق ئىچىملىك ئورنى» دا دېھقانلار ئۈزۈلمەي پىۋا ئىچمەكتە. لەرزان، جۇشقۇن ناخشىلار ياڭراپ، كىشىلەر- نىڭ كەيپىياتىنى كۆتۈرمەكتە. . . بۇ ناخشىلار ئۇنى تېخى- مۇ ھاياجانغا سالدى.

قۇياش نۇرىدا كۆزنى چاقنىتىپ پارقىراپ تۇرغان

«سانتانا» ئۇنىڭ ئالدىدا چىپپىدە توختىدى ـ دە، ئىچىدىن ياشقىنا شوپۇر يىگىت چۈشۈپ، ماشىنىنىڭ ئالدى ئىشىـ كىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا تەزىم بىلەن ئېغىز ئاچتى:

— باش دىرېكتور، ماشىنىغا مەرھەمەت قىلغايلا.

— نەگە بارىمىز؟—سورىدى ئۇ سەل تېڭىرقاپ.

— ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايلا، بۈگۈن ئۆزلىرىنى «ئېـ سىلزادىلەر تانسىخانىسى» ئالايىتەن كۆڭۈل ئېچىشقا چاـ قىرغان، دېگەن ۋاقىت توشۇپ قالاي دېدى. . .

ئۇ باشقا گەپ ـ سۆز قىلمايلا ماشىنىغا چىقىپ راھەتـ لىنىپ ئولتۇردى. نېمە دېگەن راھەت. . .

— مەسۇمجان، تۇرۇڭ ئورنىڭىزدىن، ئىشقا كېچىـ كىپ قالىسىز، — ئايالى ئۇنى نوقۇپ ئويغاتتى، ئۇ كۆزدـ نى ئېچىپ ئۆزىنى ئىسىل ماشىنىدا ئەمەس، بەلكى ئۆيىدـ دىكى تاختا كارىۋاتتا كۆرگەندە، كۆڭلى سەل يېرىم بولـ دى. . .

مەسۇمجان ئىككى ھەپتىدەك ئالدىراش يۈرۈپ يىغىپـ تۆشەپ، قەرز ئېلىپ دېگەندەك 3000 يۈەننى تەقلەپ گېـ زىتتىكى ئادرېس بويىچە ئىچكىرىگە ماڭدۇرۇۋەتتى، «مەـ سۇمجان پىۋا زاۋۇتى قۇرغۇدەك» دېگەن خەۋەر تېزلا ئىداـ رىنى بىر ئالدى. كۆپ كىشىلەر ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلدى، ھەتتا ئۇنىڭغا كۆڭلىنى يېقىن تۇتقان بىر ـ ئىككىسى پۇلنى بىللە ئەۋەتىشنى، زاۋۇتنى بىرلىشىپ قۇرۇپ پايدىنى تەڭ ئۈلىشىشنى ئۆتۈنگەن بولسىمۇ، ئۇ تۇرلۇك باھانە ـ سەۋەبـ لەرنى كۆرسىتىپ رەت قىلدى. يەنە بىرقانچىسى ھېلىقى زاۋۇتنى ساتىدىغان ئادرېسنى يېزىۋېلىشنى ئۆتۈنگەن بولـ

ىسمۇ، بىر نىمىلەرنى قىلىپ ئادرېسنى بەرمىدى. ئۇنداقتا قانداق بولىدۇ؟ . . . پۇل تېپىش ئۈچۈن رىقابەت بولۇشى كېرەك، ئالدىدىكى تەييار تۇرغان بىر قاچا ئاشنى بىر قاغىچىسى «بىللە يەيلى» دېسە ئۇ قانداقمۇ ئۇنىسۇن. . .

مەسۇمجان زاۋۇت يېتىپ كەلگۈچە ئىدارىنىڭ ئالدىدىن چوڭ ئۈچ ئېغىز ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ، ئۇنىڭ بىرىنى سوغۇق ئىچىملىك ئورنى قىلدى. ئۇ ئۆيگە ئورۇندۇق، ئۈستەل ياساتتى. قالغان چوڭراق ئىككى ئېغىزنى زاۋۇت يېتىپ كەلگەندە ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن چىرايلىق ئاقارتىپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى سىرلاپ پاكىز تازىلاپ تەييارلىدى. . . ئارىدىن تۆت ئاي بىكار ئۆتۈپ كەتتى، زاۋۇت ھېچ يېتىپ كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. مەسۇمجان ئۇ بىرقانچە پارچە خەت يېزىپ ئۈچۈرىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ئادرېستىكى نومۇر بويىچە تېلېفون بېرىپ، كۆڭلى خاتىرجەم بولدى، چۈنكى ئۇلار زاۋۇتنى ماگدۇرۇۋەتكىلى بىر ھەپتە بولغانلىقىنى ئېيتقانىدى. . . «ئەجەب بەلەن ئىش بولدى. . . ھاۋا سوۋۇيدىغانغا يەنە ئىككى ئاي بار، ئىككى ئايدا زاۋۇتنى سېتىۋالغان، ئۈستەل - ئورۇندۇق ياساتقان، ئۆي ئىجارىسىگە ئالدىن تۆلىگەن چىقىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۇندۇرۇۋالغاندىن سىرت، يەنە كەم دېگەندە 15 — 20 مىڭ يۈەن تېپىۋالىمەن». ئۇ شۇ خىيال بىلەن زاۋۇتنى كۈتتى.

مەسۇمجاننى تەققەززا قىلغان كۈن ئاخىر يېتىپ كەلدى. ئۇ زاۋۇت يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا ئۇزۇن يوللۇق بېكەتكە كىردى - دە، ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپلا قال-

دى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئالدىدا بىر تاغارغا قاچىلانغان، ئۇ-
زۇنلۇقى ئوخشاش بولمىغان، ئۈچ تال تۆمۈر تۇرۇۋاتات-
تى. ئۇ قولىغا ئېلىپ ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ باقتى،
تاغارنىڭ تېگىنى ئاختۇرۇۋىدى، قولىغا «تىجارىتىمىزنى
قوللاپ بەرگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت، سىزگە ئامەت تىلەي-
مىز!» دېگەن خەت چىقتى.

1997 - يىل 3 - ئاي، خوتەن

<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<<

# ئۇقۇشماسلىق

— قانداق گەپ ئۆزى، خىزمەتكە چىققىلى تېخى بىر يىلمۇ توشمىغان بىر سويىمىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى نامزاتى بولغىنىنى قىزىقتە!

— سىلەر ئۇنداق دېگەن بىلەن ئۇنى ناھايىتى بىلىم-لىك، ئىنگلىزچىنى سۇدەك راۋان سۆزلەيدىكەن دېيىشى-دىغۇ؟

— بىز بىلمىگەن بىلەن بىرەر ئەمەلدارنىڭ ئوغلىمۇ تېخى؟

— ھەي ئاغىنىلەر، بولدى، پارىڭلارنى توختىتىڭ-لار، ئۇ كېلىۋاتىدۇ...

بىر ھەپتىدىن بېرى ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچى-لەر تۆت - بەشى بىر يەرگە كەلسىلا يۇقىرقىدەك پاراڭ سېلىپ ۋاقىتنى بىكار ئۆتكۈزىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئالدىنقى يىلى ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىنى باشقا ئورۇنغا يۆتكەپ كەتكەندىن بېرى بۇ ئورۇن بوش ئىدى. بۇنىڭغا قارىتا بەزى كىشىلەر «ئىدارىنىڭ ئۆزىدىن ئۆستۈرىمىش، ئىشخانا مۇدىرى ئەخمەت ياسىن شۇ ئورۇنغا چىققۇدەك» دېگەن گەپلەرنى تارقىتىپ يۈرۈشتى. مۇئاۋىن ئىدارە باش-

لىقلىق ئورنىغا چىقىش ئېھتىمالى بولغان بىر قانچىسى ئەتە- ئاخشاملىرى يۇقىرى - تۆۋەن يول مېڭىپ، ئۆزى ئۇچۇن جامائەت پىكرى توپلاۋاتقان پەيتتە، ئويلىمىغان يەردىن ئىدارىنىڭ كىچىك ماشىنىسى خىزمەتكە چىققىنىغا تېخى بىر يىلمۇ توشمىغان، كىشىلەر بىلەن ئانچە ئارىلە-شىپ كەتمەي ئۆزىنىڭلا ئىشىنى قىلىدىغان ياۋايى يالقۇن-نىڭ ياتىقى ئالدىدا توختايدىغان بولۇپ قالدى. ھەر كۈنى شوپۇر كېلىپ ئۇنى ئېلىپ كېتەتتى. قايسى چاغدا ئەكې-لىپ قويغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

بۇ تاسادىپىيلىق ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەر-نىڭ روھىي كەيپىياتىدا بىراقلا بۇرۇلۇش پەيدا قىلدى. «پالانى مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولغۇدەك» دېيىشىپ ئەتە-ئاخشاملىرى ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە قاتراپ، چوڭقۇر سالام قىلىشىپ يۈرگەن كىشىلەر ئەمدىلىكتە ئۆزلىرىنىڭ يوشۇ-رۇن ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ، «تۇتسا سېپى، چاقىرسا ئېتى يوق» يالقۇنغا يېقىنچىلىق قىلىدىغان، چوڭقۇر سالام قىلىپ كەچلىكلىرى سورۇن تۈزۈپ چاقىرىدىغان بولۇپ قالدى. لېكىن، يالقۇننىڭ ۋاقتى ناھايىتى قىس ئىدى. شۇڭا، ئۇ «ياخشى نىيەتلىك» كىشىلەرگە چىرايلىق ئۆزرە ئېيتىپ كەچۈرۈم سوراپ بارمايتتى.

— قاراڭلار، ھېلىتىن ئۇنىڭ ھالىغا؟ . . .

— شۇنى دېمەمسىلەر، ئەگەر رەسمىي ئېلان قىلىسىغۇ ئىش بار ئوخشايدۇ.

— ھەي ئاغىنىلەر، بولدىلا، كىم باشلىق بولسا نېمە چاتىقىمىز، پەقەت ئىشنى ياخشى قىلساق مائاشنى تولۇق

ئالىدىغان گەپ، قېنى ھارىقىمىزنى ئىچەيلى.

يالقۇننى ئۆزلىرىنىڭ سورۇنىغا ئاپىرالمىغانلار يۇقىرىقىدەك پاراڭلار بىلەن ئۇنى قارغاپ، زارلىنىپ، ئاچچىق ھاراقنى بولۇشىغا ئىچىپ دەلدەڭشىگەن پېتى تارقىلىشىپ كېتەتتى. بۇ ئىش ئىشخانا مۇدىرى ئەخمەت ياسىنغا بەكلا ئېغىر كەلدى. ئۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى ئىشخانا مۇدىرلىقىنى ناھايىتى ياخشى ئىشلەپ، ئىدارىنىڭ كۆندىلىك خىزمەتلىرىنى ئوبدان يۇرۇشتۇرۇۋاتسا، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقلىقىغا ئۇنى ئۆستۈرمەي، تېخى تونۇگۇن پەيدا بولغان «يېڭى كەلداخۇن» بىراقلا ئۇنىڭ بېشىغا دەسسەيمەن دېسە ئۇنىڭ يۈرىكى مۇجۇلمامدۇ؟ ھەي. . . ئالدىنقى يىلى باشقا ئورۇنغا يۆتكىلىپ كەتكىلى تەييار بولغاندا، ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ دولىسىغا قېقىپ، تولا ماختاپ يوشۇرۇن بېشارەت بېرىپ، قويۇپ بەرمىگەنىدى، ئەمدىچۇ؟ بۇ يالقۇن دېگەن شۇنداق يامان نېمىمىدۇ؟ ئادەتتىغۇ كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەيدۇ. دېگۇ دەك ئامىمۋى ئاساسىمۇ يوق. شۇنداق تۇرۇپ. . . چوقۇم شۇنداق، يالقۇننىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى بولۇشىدا گەپ يوق. ئادەتتە شوپۇرلار ئەمەلدارنىڭ سورۇنىغا كۆپ بارىدۇ. ئۇ يەردە بولغان گەپلەرنى ئاڭلايدۇ. ھازىردىن باشلاپ ئىدارە باشلىقى ئۇنى ئاخشاملىرى زىيابەت، سورۇنلارغا بىرگە ئېلىپ باردى دېگەن گەپ.

— ئەخمەتاخۇن، تۇرسىلا ئورۇنلىرىدىن، ئىشقا كېچىكىپ قالىلا.

ئۇ ئايالىنىڭ چاقىرىشىدىن خىيالىنى يىغدى - دە،

ئازاب بىلەن توشۇپ كەتكەن ئىغىر كالىلىسىنى تەستە كۆتۈ-
رۈپ، يۈز - كۆزلىرىنى چالا - پۇلا يۇيۇپ، ئالدىراپ ناشتا
قىلغاندىن كېيىن، چىرايىنىمۇ ئاچماستىن ئىشقا ماڭدى.
ئۇ ھەر دائىم ئىشقا ماڭغاندا بەش ياشلىق ئوماق قىزىنىڭ
چېكىسىگە سۆيۈپ قوياتتى. لېكىن، يېقىنقى بىر ھەپتە-
دىن بېرى ئادىتىمۇ ئۆزگىرىپ، ئۈن - تىنىسىز ئىشقا
ماڭىدىغان، خوتۇن - بالىلىرىغا تولا ئاچچىقلايدىغان بولۇپ
قالغانىدى.

بۈگۈن ئىدارىدىكى پۈتۈن ئىشچى - خىزمەتچىلەر قات-
ناشقان چوڭ يىغىن ئېچىلدى. يىغىندا باشقا ئورۇندىن
يۆتكەپ كېلىنگەن بىرىنى ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دەپ
ئېلان قىلدى. كىشىلەر دەسلەپتە ھەيران بولۇپ بىرھازا
تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاندىن چاۋاك چېلىشتى ۋە ھەم-
مىسى خۇددى دېيىشىۋالغاندەكلا زالنىڭ يان تەرىپىدە ئول-
تۇرغان يالقۇنغا قاراشتى. يالقۇن كىشىلەرنىڭ ئۆزلىرىگە
قاراشلىرىدىن بىخەۋەر ھالدا سەھنىگە قاراپ قىزغىن چا-
ۋاك چېلىپ ئولتۇراتتى.

شۇ كۈنى كەچتىكى بىر ئىش ئەخمەت ياسىننى يەنە
ھەيران قالدۇردى. ئىدارىنىڭ شوپۇرى يەنە يالقۇننىڭ ياتى-
قى ئالدىدا توختاپ، ئۇنى خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەكلا
ئېلىپ كەتتى. يالقۇننىڭ كەيپىياتىدىمۇ ھېچ قانداق ئۆز-
گىرىش يوق ئىدى. بۇلارنى تەپسىلىي كۆزىتىپ، بۇنىڭ
سىرىنى بىلەلمىگەن ئەخمەت ياسىن ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي
قالدى: «قانداق گەپ ئۆزى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى
بۈگۈن ئېلان قىلىنىپ بولسىمۇ يەنىلا ئۇنى ماشىنىدا نەگە

ئاپىرىدىغاندۇ؟ ئۇنى ئەمدى قايسى ئورۇنغا ئۆستۈرىدىغان-
دۇ؟ ھەي. . . مېنىڭ ئورنۇمغا! . . . ياق. . . ياق. . .
ئۇ ئۆزىنىڭ ئاخىرقى خىيالىدىن خۇددى بىرسى بېشىدىن
بىر چېلەك مۇزلۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەتتى - دە،
مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ ئۆيى تەرەپكە قاراپ تېز- تېز قەدەم
ئالدى. چۈنكى ئۇ، يالقۇنىنىڭ ھەر كۈنى كەچ ئىدارە باش-
لىقىنىڭ ئوغلىغا ئىنگلىزچىدىن تەكرار قىلغىلى بارىدىغان-
لىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى.

1997 - يىلى 3 - ئاي، خوتەن

# چۈشىنىش

باقى ھاكىمنىڭ ئايالى بۈگۈن قاتتىق خاپا بولدى. ئەگەر ئادەملەر ئۆتتۈشۈپ تۇرىدىغان رەستە بولمىغان بولسا، ئېرىنى سەتلەپ پېشىنى قېقىپ كېتىپ قالغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئامالسىز ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ، پات - پات غودۇڭشۇپ ھومىيىپ قويۇش بىلەنلا بولدى قىلدى. چۈنكى، قالدى ھېسابنى ئۆيگە بارغاندا قىلىشنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇنىڭ خاپا بولۇشى ئەلۋەتتە ئورۇنلۇقتە! بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى بولغان ئادەمنىڭ بالىلىرى خۇددى سەھرادىن كېلىپ قاتناش تاپالماي تەمتىرەپ يۈرگەن يولۇچىدەك، ماشىنا كۈتۈپ سايمۇساق 25مىنۇت تۇپا- چاڭغا كۆمۈلۈپ تۇرسا نومۇس ئەمەسمۇ؟ . . . ماليىە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاسىمنىڭ ئايالى ياسانچۇق، شۆھرەتپەرەس مايسەك ئېرىنىڭ ئىدارىسىنىڭ ماشىنىسىدا خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك گىدىيىپ ئولتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختاپ: «باشەنجاڭ، تۇرۇپ قاپلىغۇ، بىر يەرگە بارسىلا ماۋۇ ماشىنا ئاپىرىپ قويسۇنمۇ؟ . . . » دەپ كۆرەڭلەپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان؟ . . . شۇ مىنۇتتا ئۇنىڭغا يېنىدا تۇرغان يارىماس ئېرى ھاكىم ئەمەستەك، ئۆزىمۇ ھاكىم-

نىڭ خانىمى ئەمەستەك بىلىنىپ كەتتى. ماشىنىنى ھەيدە-
گەن ئاۋاق شوپۇرنىڭ ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ،
«بىزنى كۆرۈپ قويۇڭ!» دېگەندەك ماشىنىنى تېز قوزغاپ
قوپۇندەك يۇرۇپ كېتىشچۇ؟... گەرچە يول ئاسفالت
بولۇپ ھېچقانداق چاڭ - توزان ئۆرلىمىگەن بولسىمۇ،
ئۇنىڭغا خۇددى پۇتۇنلەي قارا قويۇننىڭ ئارىسىدا قالغاندەك
سېزىلىپ، دەرھال يانچۇقىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ يۇزى-
نى ئېتىۋالدى.

— ھاكىم ئالىيلىرى، قېنى ئۇ ماشىنىلىرى؟ ئاچام-
نىڭ قىزىنىڭ توينى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تەبرىكلەم-
دۇق؟ — ئۇ ئېرىگە تەنە قىلدى.

— بىر ئاز توختاپ باقايلى، ھەرقانچە بولسىمۇ ئادىل
شاڭجاڭ ئۇنچە ۋاپاسىزلىق قىلماس، ئۇنىڭ بىزنى مۇشۇ
قاقىرام ئاپتاپتا ساقلىتىپ ماشىنىنى ئەۋەتمىگىنىنى بىر
كۆرەي قېنى... — ھاكىم شۇنداق دېگەچ سائىتىگە قارى-
دى، ئۇنىڭ سېمىز قاپاقلىرىنىڭ سىلىنىپ، گۆشلۈك
چىرايىنىڭ تۇرۇلۇشىدىن ئاچچىقىنىڭ بوش كەلمىگەنلىكى
بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئەنە كەلدى، — ھاكىمنىڭ ئوغلى كېلىۋاتقان پى-
كاپنى كۆرسىتىپ بولغۇچە ماشىنا ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختى-
دى.

— كېچىكىپ قالدىڭىزغۇ؟ بىزنى بۇ يەردە مەشرەپ
ئويناۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالمىغانسىز؟ — ھاكىم غەزىپىنى
ئاران بېسىپ، ماشىنىنىڭ ئالدى ئىشىكى ئالدىدا توختاپ
ئاچچىقلاندى.

— رەنجىمىسىلە، ھاكىم، تەڭ يولغا كەلگەندە ئىچ كامىر ئېتىلىپ كەتتى. چاق ئالماشتۇرۇپ كېلىشىم، — شوپۇر شۇنداق دېگەچ ماشىنىنىڭ ئىشىكلىرىنى ئېھتىيات بىلەن ئېتىپ، ئالدىراپ ئورنىغا چىقىپ ماشىنىنى قوزغاپ ماڭدى.

ھاكىم خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن كۆلئېرىق يېزىسىدىكى توي ئىشلىرىنى تۈگىتىپ، يېزا باشلىقى ئۈمەرنىڭ زورلىشى بىلەن ئۇنىڭ بۇككىدە تالبوستانلىق، مېۋىلىك باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان ئازادە شەخسىي قورۇسىدا پاقلان، بېلىق، باچكا. . . كاۋاپلىرى بىلەن مېھمان بولدى. ئارىلىقتا يەپ ـ ئىچكەچ، ئانچە ـ مۇنچە يېزىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، چارۋىچىلىق. . . خىزمەتلىرىنى سورۇشتە قىلىپ دوكلات ئاڭلىدى. ئۇ كەچتە كۆڭلى خوش ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى. دە، يۈت ـ قول، يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ، يۇمشاق كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. بۈگۈن ئۇنىڭغا خېلىلا ھاردۇق يەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىناي دېۋىدى، ئايالى كىرىپ كەلدى.

— ماڭا بۈگۈن گەپنى ئوچۇق دېسىلە، سىلى زادى نېمە ئويۇن ئويناۋاتىلا؟ — ئۇنىڭ ئايالىنىڭ تېخىچىلا ئاچچىقى بېسىلمىغانىدى.

— نېمىنى دەيمەن، — ھاكىم كارىۋاتنىڭ باش تەرىپىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — سەنمۇ ھارغانسەن، چىقىپ ئارام ئالساڭ بولمامدۇ؟

— بىرقانچە قېتىم بولدى، ھېچ چۈشىنەلمىدىم، سىلى ئەتە ـ ئاخشام بىر يەرگە بارساقلا ئۆزلىرىنىڭ ماشىنى-

سىنى ئىشلەتمەي ھېلى ئۇ يېزىنىڭ، ھېلى بۇ ئىدارىنىڭ ئەبجەق ماشىنىلىرىغا تېلېفون بېرىپ ئەكەلدۇرىلا، باشقىسىنى قويۇپ تۇرايلى، بۈگۈنكىدەك ماشىنا ساقلاپ يولغا چىقىپ تۇرساق سەت ئەمەسمۇ؟ باشقىلار كۆرسە نېمىدەپ قالىدۇ، باقى ھاكىم ئەمىلىدىن چۈشۈپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ گەپ تېپىشمامدۇ؟

— دەل باشقىلار كۆرسۇن دەپ شۇنداق قىلىۋاتىمەن، خوتۇن،— دېدى ھاكىم ھېچ ئىش بولمىغاندەك،— سەن جىق ئىشلارنى بىلمەيسەن، ھازىر مەركەز ھۆكۈمەت ماشىنىلىرنى شەخسىي ئىشلارغا ئىشلەتمەسلىكنى، چىقىمنى ئازايتىپ، كىرىمنى كۆپەيتىشنى تەشەببۇس قىلىۋاتىدۇ، مەن ناھىيىنىڭ ھاكىمى تۇرۇپ ئۆزۈم باشلامچى بولمىسام، باشقىلارغا بۇ چاقىرىقنى قانداق ئوتتۇرىغاقويىمەن.

ھاكىمنىڭ ئايالى ئېرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. دېمىسىمۇ ئۇ ئېرىنى ئوبدان چۈشىنەتتى. ئۇنىڭ ئەقىللىق، سەزگۈر، ھەرقانداق ئىشتا قۇيرۇقىنى تۇتقۇزمايدىغان مىجەزى بولغاچقىلا 10 نەچچە يىلدىن بېرى بۇ ناھىيىنى ئالىقىنىدا ئوينىتىپ كەلدى ئەمەسمۇ؟ «ھەي ئەرلەر، ياق، مېنىڭ بۇ ھاكىم ئېرىم يەنىلا ئەقىللىق ئىكەن ئەمەسمۇ، ئۇ ئويلىغاننى مەن چۈشىنەلمەي ئارتۇقچە خاپا بوپتىمەن... ئۇنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن...» ئۇ شۇ خىيال بىلەن ھاكىمغا تاتلىققىنا تەبەسسۇمدا قاراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

1997 - يىل 5 - ئاي، خوتەن

# ھەي، ئاياللار دېگەن. . .

ھېيت ھارپىسىدىكى يەكشەنبە بولغاچقىمۇ، بۈگۈن بازاردا ئادەملەر ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. مەن ئايالىمغا خۇرۇم چاپان ئېلىش ئۈچۈن چىقىپ دۇكان ئارىلاۋاتقىلى بىرقانچە سائەت بولۇپ قالدى. قورسىقىم ئېچىپ، پۇتلىرىم تالدى. يەنىلا ئۇنىڭ بىلەن ئايلىنىۋاتىمەن. بىر چاپاننىڭ پاسونى يارىسا، خۇرۇمى يارىمىغان، خۇرۇمى سۇپەتلىك بولسا باھاسىغا يەتكىلى بولمىغان. . .

ھەي، مۇشۇنداق ھېيت - بايرام يېقىنلاشسا سودىگەرلەرمۇ ھەقىقەتەن ئىنساپنى بىر يەرگە قايرىپ قويۇپ، يىللىق پايدىسىنى بىرقانچە كۈندىلا ئۇندۇرۇۋالماقچى بولغاندەك ئاغزىغا كەلگىنىنى دەۋېرىدىكەن. «بولدىلا، خۇرۇم چاپان كېيىمگەنگە بىر يېرىڭىز كەملەپ كېتەمتى، كېلەر يىلى ھېيتتا كىيەرسىز، بولمىسا ھېيتتىن كېيىن بازار سەل پەسلىگەندە ئالايلى. . . » دېگەن سۆزلەر بىرنەچچە قېتىم تىلىمنىڭ ئۇچىغا كەلگەن بولسىمۇ يەنە يۇتۇۋەتتىم. چۈنكى، ھېيت ھارپىسىدا ئايالىمنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىپ قويسام بولمايتتى. ئايالىم خېلىلا ئىنساپلىق ئايال بولۇپ، بىر قىسىم ئاياللاردەك ئەرلىرى بىلەن ئۇررۇ-

شوپ قەرزگە كىيىم كىيىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭ بىر خورۇم چاپان كىيىش ئارزۇسىدا يۈرۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. دېمىسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە مودا بولۇۋاتقان خورۇم چاپانلارنى 50 — 60 ياشلىق ئاياللاردىن تارتىپ 18 ياشلىق قىزلارغىچە ھەممىسى كىيىۋاتسا. . . مودا قوغلىشىش دېگەن شۇ ئوخشايدۇ. كىمنىڭ فىگۇرىسىغا ماسلاشتى، كىمنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ ئاچتى، كىمنى ھورۇن، گومۇش كۆرسەتتى. . . بۇلار بىلەن ھېچكىمنىڭ چاتىقى يوق، بەس - بەستە كىيىشىۋاتقان يەردە، ئايالىمدەك غۇنچە بوي، كېلىشكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خېلىلا يۇقىرى مائاش ئالىدىغان بىرسىنىڭ بۇ ئويدا بولۇشىمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى. شۇڭا، «بولدىلا» دېگەن سۆزنى نەچچە قېتىم ئاغزىمنىڭ ئۇچىدىن قايتۇرۇۋېلىپ، يەنە ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇكانمۇدۇكان ئارىلاشقا باشلىدىم. ھەر قېتىم «چوقۇم مۇشۇ ئەرزىيدۇ، پاسونىمۇ ئۆزگىچە، ئادەمنى جۇشقۇن كۆرسىتىدىكەن. . . » دېگەن خىيال بىلەن ئايالىمغا كىيگۈزۈپ، ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئالدى - كەينى، يانلىرى، ياقا - يەڭلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ماختاشلىرىم ئۇنىڭ «مەن ياخشى كۆرمەيمەن، باشقىلىرىنى كۆرۈپ باقايلى» دېگەن سۆزى بىلەن رەت قىلىناتتى. ئۇنىڭ بىلەن ئامالسىز ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولىمەن. كەچ كىرگۈچە ئايلاندۇق، پۇت - قولۇم ئاغرىپ زادىلا بولالماي قالدىم. «سىزگە چاپان ئالساق ئالايلى» دېگەن ئاغزىمغا نەچچىنى سالغۇدەك بولدۇم، ئايال كىشى بىلەن بازار ئايلانغاننىڭ ئۆزى بىر ئەخمەق، ئاخىرىدا ئامال تاپ-

تىم: ھەربىر دۇكانغا كىرسەم «ماۋۇ چىرايلىقكەن، سىز-
گە چوقۇم يارىشىدۇ، مۇشۇنى ئالايلى. . . » دېگەندەك ئۆت-
مەس گېپىمنى قويۇپ، سودىگەرلەرنىڭ كارىۋات، ئورۇن-
دۇقلىرىدا ئولتۇرۇپ ھاردۇقۇمنى ئالىمەن. ئايالىم ئالدى-
رىماي خالىغانچە كۆرۈپ، كىيىپ ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئۇ-
ياقتىن - بۇياققا مېڭىپ بېقىپ يارىمىغاندىن كېيىنلا
سىرتقا ماڭىدۇ. ھەي. . . بۇرۇنراق مۇشۇنداق
قىلسامچۇ، ئەمدى مۇشۇ رىتىمدا بازار ئايلىنىۋاتىمىز،
كۆنمۇ غەربكە قايرىلىپ، بازاردىكى ئادەملەر بىر - بىرلەپ
تارقىلىپ، كوچىلار شالاڭلىشىپ قالدى. قورسىقىم كور-
كىراپ، ئاشقازىنىم ئاغرىشقا باشلىدى. ئايالىممۇ ھارغان
چېغى، كۆزلىرى بۆلەكچىلا ئولتۇرۇشۇپ كەتكەندەك،
چىرايى سولغۇن كۆرۈندى. ئۇنىڭمۇ بۇگۈن چاپان ئالالماي-
دىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن چېغى:

— ئۆيگە قايتىپ كېتەيلىمۇ؟ — دېدى ماڭا قاراپ.

— چاپان ئالماي يانامدۇق؟

— ئەته ئالساقمىكىن، ھېلىمۇ سىزنى بەك ھاردۇرۇۋەتتىم، — ئايالىم كەچۈرۈم سورىغاندەك تەلەپپۇزدا ئېيتتى.

ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، بازاردىكى كۆرگەن چاپانلارنى
بىرمۇبىر كۆز ئالدىمغا كەلتۈردۈم. بىز كۆرگەن چاپانلار-
نىڭ ئارىسىدا ئايالىمنىڭ بوي - تۇرقى، چىرايى، مىجەز-
خاراكتېرىگە ماس كېلىدىغانلىرىمۇ بار ئىدى. ئۆيدىكى
شۇنچە جىق ئىشلارنى قويۇپ، بىر كۈن بازار ئايلىنىپ
ھېرىپ - ئېچىپ قۇرۇق قول يېنىپ كەلگىنىمىزگە سەل

قورسقىم كۆپتى:

— ھەيرانمەن، بازاردىكى شۇنچە كۆپ چاپانلاردىن سىزگە پارايدىغانلىرى چىقمىدىمۇ؟ ھېلىقى دوقمۇشتا كۆرگەن چاپان بولاتتى ئەمەسمۇ، بىلمىدىم، سىز قەيىرىنى ياقتۇرمىدىڭىزكىن؟

— ئۇ چاپان بولۇشى بولاتتى، — دېدى ئۇ ماڭا لەپپىدە قاراپ، — لېكىن، بىزنىڭ ئىدارىدىكى ئايجامالنىڭ كىيگىنى بىلەن ئوپمۇئوخشاشكەن.

— ئوخشاش بولسا نېمە بولاتتى؟ — ئۆزۈمنى ئاران بېسىپ ئېيتتىم، — تۇۋا، ئايال كىشى دېگەننى، بىرسى كىيگەننى يەنە بىرسى كىيسە بولمامدۇ؟

— سىز بىلمەيسىز، ئايجامال كىيگەننى مەن كىيسەم ئۇ رەنجىپ قالىدۇ، شۇڭا ئىدارىدە ھېچكىم كىيمىگەننى ئالاي دېگەن.

— ئۇنداقتا باشقا دۇكاندىكى چاپانلارچۇ، شۇنداق سۇپەتلىك، خۇرۇمى ياخشى چاپانلارنىمۇ ياراتمىغىنىڭىز نېمىسى؟

— رەنجىمەڭ، شۇڭا ئەتە ئۆزۈم سېتىۋالاي دېدىمغۇ؟ سىز دېگەن ئۇ چاپانلارنىمۇ باشقىلار ئاللىقاچان كىيىپ بولغان. سىز بۇلارنى بىلمىگەچكە ماڭا ئاچچىقلاپ زورلاۋېرىسىز، — ئۇ سۆزلىگەچ ماڭا بىر پىيالە چاي سۇندى، مەن ئۇنىڭ قولىدىكى چاينىمۇ ئالماستىن، قاراپ تۇرۇپلا قالدىم.

توۋا، مەن ئايالىمنى ئەمدى چۈشىنىۋاتامدىمەن - نېمە؟ ئاياللار ئاجايىپ بولىدىكەن ئەمەسمۇ؟ . . . ئايالىم-

دەك كىيىم ـ كېچەك، زىبۇزىننەتكە ئانچە ئۆزىنى ئۇرمايـ
دىغان، ئېغىر ـ بېسىق، ئۆزىنى تۇتۇۋالغان ئاياللار مۇ-
شۇنداق بەس تالاشقان يەردە، كۇنىگە تۆت قېتىم كىيىم
ئالماشتۇرۇپ، قەرزگە كىيىم كىيىدىغان مودىكەش، يا-
سانچۇق ئاياللارنىڭ كۇنىمۇ تەس ئىكەن ـ دە؟ . . . ئاخىر
ئەتىسىمۇ ئايالىمنىڭ ئۆزىگە يارايدىغان، بۇ شەھەردە ھېچ-
كىم كىيمىگەن نۇسخىدىكى خۇرۇم چاپاننى سېتىۋالالماي-
دىغانلىقىغا كۆزۈم يەتتى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ كۇلۇپ قوي-
دۇم ـ دە، ئاستا ئۆزۈمگە پىچىرلىدىم:
— ھەي، ئاياللار دېگەن. . .

1997 ـ يىل 11 ـ ئاي، خوتەن



# ئېتىبار باھا

ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم ئىبراھىم سودىگەر- چىلىك قىلىپ ئوبدانلا بېيىپ قالدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مىجەزى ئازراقمۇ ئۆزگەرگەندەك ئەمەس ئىدى. بولمىسا نەچچە يۈزمىڭ يۈەننىڭ ئىگىسى بولغاندىكىن، مېنىڭدەك 500 يۈەن مائاش ئالىدىغان مۇئەللىم ساۋاقدىشىنى ئاللىقا- چان ئۇنتۇغان، تاسادىپى ئۇچرىشىپ قالغاندا تونۇماسقا سېلىپ غادايغان پېتى ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتى . لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمايتتى، ئەكسىچە ھەر قېتىم ئۇچرىشىپ قالساق شۇنداق قىزغىن، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىپ، ئوتتۇرا مەكتەپتە بىرگە ئوقۇغان كۆڭۈللۈك، قىزىقارلىق چاغلارنى ئېسىمگە سالاتتى ھەمدە دۇكىنىغا بېرىپ تۇرۇشۇمنى، يېڭىدىن مال ئەكەلگەنلىكىنى، ئىچكىرىدىن ئەكەلگەن با- ھاسىدا بېرىدىغانلىقىنى دەپ كېتەتتى. بۇ خىل ئۇچرى- شىشقا بىرقانچە قېتىم داخىل بولغان ئايالىم تۇرالمايلا قالدى.

— قۇربان ھېيتمۇ يېقىنلاپ قالدى، ھېلىقى سودىگەر ساۋاقدىشىڭىزنىڭ دۇكىنىغا ئەتە بېرىپ كېلەيلى، ئىككى- مىز ئۇستۇېشىمىزنى بىر يېڭىلىمىساق بولماس، باشقا

ناتونۇش سودىگەرلەرنىڭ يېنىغا بارسا ئاسمانغا پۇت ئېتىپ يېقىن كەلتۈرمەيدىكەن. ئۇ قايسى كۈنى ئىچكىرىدىن ئەكەلگەن باھاسىدا بىر بەن دېدىغۇ، — ئايالىم ئالدىنقى كۈنى يۇغان كىيىملەرگە دەزمال سېلىۋاتقاچ شۇنداق دېدى.

— بارساق بارايلى، لېكىن مەن ئايال كىشى بولمىغاندىكىن ھېيتتا كىيىمىسەممۇ بولىدۇ، سىزگە ئوبدانراق كىيىم ئالايلى، سىلەر ئايال خەق بەك كوت - كوتچى كېلىسىلەر.

— سىزگىمۇ ئالايلى، سىز ھەمىشە ئاشۇنداق دەپ تۇرۇۋالىسىز، ئۇستىڭىزدىكى بىرقۇر كىيىمگىمۇ ئىككى يىل بولاي دېدى. كۆرۈۋاتامسىز، ھازىر ئەرلەرمۇ ئاياللاردىن ئۆتە ياسانچۇق، مودىكەش بولۇۋاتىدۇ، «جاھان ساڭا باقمىسا، سەن جاھانغا باق» دەپتىكەن.

ئايالىمنىڭ سۆزى راست ئىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ھازىر خېلى كۆپ ساندىكى ئەرلەر ھېيت - بايرام يېقىنلاپ قالسا خۇددى ئاياللاردەك «سىلى نېمە كىيمەكچى، مەن مۇنداق پاسوندىكىنى ئالدىم. . . » دەپ ماختىنىدىغان، ھەتتا نەچچىلىرى خوتۇنلىرى بىلەن بەس تالىشىپ قوللىرىغا ئۇزۇك سوقتۇرۇۋاتقان يەردە، مېنىڭمۇ ھېيتتا بىرەر قۇر كىيىم كىيىشىم ئورۇنلۇقتە، شۇڭا ئايالىم بىلەن ئارتۇقچە تالىشىپ ئولتۇرمىدىم.

— بۇگۈن ھېيت ھارپىسى بولغاچقىمىكىن، «گۈلباغ سودا بازىرى» دا ئادەملەر ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. توۋا دەيمەن، خۇددى كېچىدىن بېرى: «ئەتە سودا بازىرىدا مال ھەقسىز بېرىلىدۇ» دەپ ئۇقتۇرۇش قىلىنغۇەتكەندەكلا، كىـ

شىلەر دۇكانلارغا يوپۇرۇلۇپ كىرىۋاتقان، ئىتتىرىشىپ چىقىشىۋاتقان... بىز ئاخىر ئۇرۇلۇپ - سوقۇلۇپ، ئىت- تىرىشىپ يۈرۈپ ئىبراھىمنىڭ دۇكىنىنى تاپتۇق. ئۇنىڭ دۇكىنىدىمۇ ئادەملەر مىغ - مىغ، ئۇ يېتىشەلمەيلا قاپتۇ.

— ھە، كېلىڭلا، ئاداش، — ئىبراھىم مەن بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، — بىرنەرسە لازىم بولسا خالىغانچە تاللىۋېلىڭلا، سىلى بىلەن بىز باھا قويۇشۇپ يۈرمەيمىز،

ئۇ شۇنداق دەپ ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كەتتى.

بىز ئۇنىڭ دۇكىنىدىكى ماللارنى بىرقۇر كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ماڭا خورما رەڭ شىم - كاستۇم، ئايا- لىمغا قىزىل سوكنادىن تىكىلگەن يوپكا - چاپان تاللىدۇق.

— ئاداش، بۇلارغا قانچە پۇل بەرسەك بولار؟ — دېدىم تاللىغان كىيىملەرنى ئۇنىڭ ئالدىدا قويۇپ.

— توۋا دەڭلا، ئاداش، بولدى كېتىۋېرىڭلا، سىلى- دىن پۇل ئالساق سەت ئەمەسمۇ.

— ئاداش، ئۇنداق دېمەڭلا، سىلىمۇ بىكارغا ئەكەل- مەيسىلە - دە، ھەممە ئىشنىڭ ئۆز يولى بولىدۇ. بىر- نەرسە دەپ بېرىڭلا.

— ماقۇل، ئاداش، ئوقۇغان چاغدىكى جاھىللىقىڭلا تېخىچە قالماپتۇ، ماۋۇ سىلىگە تاللىغان بىرقۇر كىيىم 170 يۈەن بولسۇن، باشقىلارغا 250 يۈەندىن ساتقان، ئايالىڭلىنىڭكى 250يۈەن بولسۇن، سىلىدىن پايدا ئالسام قانداق بولىدۇ، — دېدى ئۇ كىيىملەرنى سۇلياۋ خالتىغا سېلىۋېتىپ.

— ئاداش، ئەمدى سىلىگە زىيان ئۇرمايلى، نەرخىدە

بولسۇن، ھەممە ئىشنىڭ مۇۋاپىق بولغىنى تۈزۈك، — دېدىم ئۇ سۇنغان كىيىملەرنى ئېلىپ.

— سىلىگە ساتقان ئىككى قۇر كىيىمدىن پايدا ئالمىغانغا دەسمايەم غالتەككە چۈشمەس، ئاداش، بولدى كېتىۋېرىڭلا، يەنە بىرنەرسە لازىم بولسا تارتىنماي كېلەرسىلە.

بىز كىيىمنىڭ پۇلىنى بېرىپ خوشلىشىپ قايتىپ چىقتۇق.

— ساۋاقدىشىڭىز ئىبراھىم ھەقىقەتەن ئىنساپلىق ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — كىيىملەرنى سېتىۋېلىپ ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئايالىم چىرايىدىن مۇز ياغدۇرۇپ كىرىپ كەلدى، — سىز تېخى «سىلىگە زىيان ئۇرمايلى، نەرخىدە بولسۇن» دەپ ئۇنىڭ دېگىنىنى ساندىڭىز، ئەسلىچۇ، سودىگەر دېگەن بىلەن باھا تالىشىپ، ئۇ بىرنى دېسە، سىز بىرنى دەپ سېتىۋالىدىغان ئىش. ھەي، تازا باپلاپتۇ ـ دە، بىزنى ھىلىگەر، كاززاپ...

— مەن تالاشمىغان بولسام سىزمۇ بارغۇ، سىز نېمىشقا بىرنېمە دېمەي ماتاڭ چىشلىۋالغاندەك تۇرسىز؟

— بۈگۈن ئىشخانىدىكى رىزۋان بىلەن بازار ئايلانغانتۇق، ماۋۇ مېنىڭكىدەك بىرقۇرنى 150 يۈەن، سىزنىڭكىدەكنى بولسا 110 يۈەندىن سېتىۋاتىدۇ، قاراپ تۇرۇپ ئىككىمىزنىڭ كىيىمدىن 160 يۈەن زىيان تارتىپتۇق.

ئايالىمنىڭ ئىچى ھەقىقەتەن پۇشقان ئىدى، دېمىسىمۇ زىيان دېگەن ھەممە ئادەمگە ئاچچىقتە! ئۇ خېلى ئۇزاق قاقشاپ تىللاپ هاردى بولغاي، پەسكويغا چۈشتى. گەرچە مەن ئايالىمغا تەسەللى بېرىۋاتساممۇ، تاماكىدىن ئۇچ تالنى

ئارقا- ئارقىدىن چېكىنىۋەتتىم.

قارالغ ماۋۇ ئىشنى، «قاسساپ دوستىغا سۆڭەك بېرىدۇ» دېگەن مۇشۇ ئوخشايدۇ. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن سودىگەر بازىرىغا بارسامۇ ئىبراھىمنىڭ دۇكىنى بار قاتاردىن ئۆتمەيدىغان بولدۇم. بىر نەرسە سېتىۋالسام ناتونۇش سودىگەرلەردىن ئالىدىغان، ئالغاندىمۇ مالنىڭ باھاسىنى دېيىشىپ، تالىشىپ، ئالمايدىغان بولۇپ قايتىپ كېتىپ، چاقىرسا يەنە كېلىپ كۆڭلۈمنى توختىتىپ پۇل سانايدىغان بولدۇم. ئايالىممۇ «ئىبراھىمنىڭ دۇكىنىغا بارايلى» دېگەن سۆزنى ئىككىنچى ئېغىزغا ئالمىدى.

1998 - يىل 1 - ئاي، خوتەن



# ئۆمۆر چولپانلىرىنى زىيارەت

ياپونىيىلىك ئۈچ نەپەر تىببىي مۇتەخەسسىس 100 ياشتىن ئارتۇق ياشىغان «ئۆمۆر چولپانلىرى» نى زىيارەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ تۇرمۇش ئادەتلىرى، ئوزۇقلىنىشى، مىجەز- خاراكتېرى، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپى. . . قاتار- لىقلارنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇزاق ئۆمۆر كۆرۈشنىڭ سىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولۇپ شەھىرى- مىزگە يېتىپ كەلدى. مەن مەخسۇس ياپون تىلى ئوقۇغان- لىقىم ئۈچۈن تەرجىمانلىققا ئاجرىتىلدىم. دەسلەپكى قە- دەمدە سۈرۈشتۈرۈش ئارقىلىق بۇ «ئۆمۆر چولپانلىرى» نىڭ كۆپىنىڭ ئارا تاغ يېزىسىدا ئىكەنلىكى ئېنىقلاندى. بىز مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ قىزغىن قوللىشى، ياردەمدە بولۇشى بىلەن شەھەرگە 180 كىلومېتىر كېلىدىغان ئاراتاغ يېزىسىغا چىقتۇق. يېزىلىق ھۆكۈمەت مەسئۇللىرى بىزنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار ئالدىن تەييارلاپ قويغان «ئۆ- مۆر چولپانلىرى» نىڭ تىزىملىكىنى بىزگە بەردى ۋە يېزى- دىن بىرەيلەننى يول باشلاشقا ئاجراتتى. بىز ئېشەككە مىنىپ ئىككى سائەتتەك ماڭغاندىن كېيىن يول باشلاپ

ماڭغان يىگىت ئېغىز ئاچتى:

— ئەنە ئاۋۇ ھاشىم قويچىنىڭ ئۆيى. . .

تاملىرى چوڭ تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، تاغ باغرىدا خۇددى مۆجىزىدەكلا تۇرغان بىر ئۆي كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولدى. بىز ئۆيگە كىردۇق. ئۆي ئىچىمۇ خۇددى سىرتىغا ئوخشاشلا تاملىرى تاش، لىم ياغاچلىرى كېسىپ كېلىنگەن پېتى قوپال ئىشلىتىلگەن ئىدى. ئۆيىنىڭ تام-تورۇسلىرى خۇددى بىركىم قەستەن مورىنىڭ قۇرۇمىنى سۈركەپ قويغاندەك قاپقارا، ئىسلىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئاچچىق تېزەك ھىدى دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. پاكار سۇپىدا چىرايى خۇددى ئاياللارنىڭ لەۋ سۇرۇخىنى سۈركىۋالغاندەك قىزىل، ساقىلى قاردەك ئاپئاق، قاڭشارلىق، گەۋدىلىك كەلگەن ئۆي ئىگىسى بوۋاي ئۆچەي دەپ قالغان چوغنىڭ ئۇستىگە تۆگە مايىقىنى سېلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بىزنى كۆرۈپ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ قوللىرىنى چاپىنىنىڭ پېشىگە سۈرتۈۋەتكەندىن كېيىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ياخشى تۇردىلىمۇ؟ — دېدىم بوۋايدىن ئەھۋال سوراپ ۋە ياپونىيىلىك مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەھۋال سورىغانلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەردىم. بوۋاي كېلىش مەقسىتىمىزنى بىلگەندىن كېيىن سورىدىم، — بوۋا، بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىلە؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ يىل 124 ياشقا كىردىم.

بوۋاي گەپ قىلىۋاتقاندا، چىشلىرىغا قاراپ ھەيران قالدىم. ئۇنىڭ سەدەپتەك چىشلىرى شۇنداق رەتلىك، چىد-

ـرايلىق ۋە پارقىراپ تۇراتتى.

— قانچە بالىلىرى بار؟

— ئىككى ئايالدىن 13 بالام بار، بالامنىڭ چوڭى بۇ يىل 103 ياشقا كىردى. ئەڭ كىچىكى 15 ياشتا، ئۇ ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ.

پاھ، ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ! بۇلارنى ئاڭلىغان مۇ. تەخەسسىسلەر تېخىمۇ ھەيرانلىق بىلەن تەپسىلىي سوراشقا باشلىدى.

— سىلى كۆپرەك قانداق تاماق يەيلا؟

— ۋاي كادىر بالام، سىلى بىلمەيلا، بىز چارۋىچى خەق ھەرقايسىلىرىدەك ئاش ـ تاماقنى خىللاپ يەيتتۇقمۇ؟ نېمە تاپساق خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ شۇنى يەي. مىز، مەن ئەزەلدىن ئۇنداق تاماققا ئۆچ، مۇنداقتا ئامراق دەپ باققىنىمنى بىلمەيمەن. كۆپرەك نان بىلەن قوناق ئۇن تاماقلىرىنى يەيمىز. ھەرقايسىلىرىدەك سەي قورۇپ تاماق ئېتىپ يېمەيمىز، گۆشنى پېتى سېلىپ يەيمىز. ئاينا ئاۋۇ ئۆينىڭ ئالدىدىكى بۇلاق سۈيىنى قىش ـ ياز ئىچىمىز. بەزىلەر سوغۇق سۇ زىيانلىق، دېيىشىدىكەن. مەن ئۇنداق قارىمايمەن، سوغۇق سۇ دېگەن جاننى ياشارتىدۇ.

— بوۋا، تۇرمۇشتا بىرەر كۆڭۈلسىزلىككە ئۇچرىسى. لا، ئاھ ئۇرۇپ، قاقشاپ ئىچلىرىگە ئېلىپ كەتكەن ئىش. لارمۇ بولغانمۇ؟

— قارىسىلا، كادىر بالام، كىممۇ بۇ ھاياتىدا خاپىلىق. قا يولۇقمايمەن دېيەلەيدۇ؟ مېنىڭ بېشىمغىمۇ ناھايىتى ئېغىر كۈنلەر كەلگەن، بولۇپمۇ ھېلىقى «مەدەنىيەت ئىن.

قىلابى» يىللىرىدا دېسىلە، نېمە ئامال؟ بىز خۇدايىمنىڭ بەندىسى. بېشىمىزغا كەلگەن خۇشاللىق، خاپىلىقنىڭ ھەممىسىنى خۇدا بۇيرۇغان. «خۇدايىمنىڭ قۇدرىتىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ»، شۇڭا مەن ھەرقانچە ئېغىر كۈنلەردىمۇ قاقشاپ، رەنجىپ باققىنىمنى، خۇشال چاغلاردا قىنىمغا پاتماي، خۇدۇمنى يوقىتىپ سەكرەپ كەتكىنىمنى بىلمەيمەن. ھەممىسىگە شۈكۈر قىلىمەن.

بوۋايدىن يەنە كۆپلىگەن ئۇششاق ئىشلارنى سورىدۇق، مۇتەخەسسىسلەر ھەممىنى خاتىرىلەپ، ھەربىر سۆز ئارىلىقىدا «رەھمەت، رەھمەت» دېيىشىپ ئولتۇردى. بوۋاينىڭ ئۆيىنى سۈرەتكە تارتىشتى، سىنئالغۇغا ئالدى ھەم ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سۈرەتكە چۈشتۇق. مۇتەخەسسىسلەر ھېلىقى بوۋاي گېپىنى قىلغان بولاق سۈيىنى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىپ، قاچىلىرىغا ئۇسسۇۋېلىشتى ۋە ئاتايىن ئېلىپ كەلگەن قەنت - ناۋات ۋە باشقا تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى بوۋاينىڭ ئالدىدا قويدى. قايتىدىغان چېغىدا ھەربىرى 200 يۈەندىن پۇلنى بوۋاينىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ، ئۇنىڭغا ئۇزاق ئۆمۈر تىلەشتى.

بىز تىزىملىك بويىچە يەنە ئۇرايىم قاشاڭ، مەمتىمىن شەررەك، ئوبۇل تېرە قاتارلىقلارنىڭ ئۆيلىرىگىمۇ بېرىپ، ئۇلار بىلەنمۇ تەپسىلىي ئەھۋاللاشتۇق. ئۇلارمۇ ھاشىم ئاخۇن بوۋايغا ئوخشاشلا تاماق خىللىمايدىغانلىقى، سوغۇق سۇنى كۆپ ئىچىدىغانلىقى، كۆڭلى - كۆكسىنى كەڭ تۇتىدىغانلىقىنى دېيىشتى.

كۈن ئولتۇراغا يېقىن بىز ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۆيگە

كەلدۇق. بۇ بىز ئەتىدىن بېرى كۆرگەن ئۆيلەردەك تاملىرى تاشتىن قوپۇرۇلغان، ۋەيرانە بولماستىن، كەنت ئۆيلىرىگە ئوخشاش تاملىرى سۇۋاپ ئاقارتىلغان، ئازادە ھويلىسى بار چىرايلىق ئۆي ئىدى. بۇنى كۆرۈپ مەندە: «بۇ ئۆينى كۆرۈپ قويۇڭلار، بىزنىڭ مىللىتىمىز مۇنداق چىرايلىق ئۆيلەردىمۇ ئولتۇرىدۇ» دەيدىغان مەغرۇرلۇق ھېسسىياتى كۆرۈلدى ـ دە، يېنىمدىكىلەرگە بېشىمنى ئۇستۇن كۆتۈرۈپ قاراپ قويدۇم. ھويلىغا كىرسەك 60 نەچچە ياشلار چامىسىدىكى پاكار، خېلىلا سېمىز، قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كىچىك كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان بىر كىشى ئوتتۇن يېرىۋېتىپتۇ. بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن ئېغىز ئاچتىم:

— بۇلار ياپونىيىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەنلەرنى زىيارەت قىلماقچى ئىدى، دادىلىرى ئۆيدە بارمىكىن؟

— سىلى كىمنى ئىزدەيلا؟ — دېدى ئۇ ماڭا ھەيرانلىقتا قاراپ.

— سالى ئاخۇن بوۋاينى.

— ھە مۇنداق دېسىلە، سالى ئاخۇن مەن بولىمەن، دادام قازا قىلغىلى 10 نەچچە يىل بولدى.

— نېمە، سىلى سالى ئاخۇن بولاملا؟ — مەن ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدىم.

— شۇنداق، قېنى ئۆيگە كىرەيلى!

بىزنى باشلاپ كەلگەن يىگىتكە قارىسام، ئۇ بىر چەتتە ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەخىرامان تۇراتتى.

— سىز بىزنى خاتا باشلاپ كەلدىڭىزمۇ ـ نېمە؟

ئوبدانراق ئويلىنىپ بېقىڭ، ئىسمى ئوخشاش ئادەملەر كۆپقۇ؟!

— ياق، خاتا ئەمەس، مانا ماۋۇ تىزىملىكتە ئېنىق تۇرامدۇ، ئەگرىئېرىق كەنت سالى ئاخۇن دەپ، سىلى بىلمەيلا، بۇ كىشى بىزنىڭ سېكرېتارنىڭ دادىسى بولىدۇ. شۇڭا، ئىسمىنى تىزىملاپ قويغان گەپ.

بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟... ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. نومۇس، ئىزادىن يۈزلىرىم ئوت ئالدى. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، بۇ كومېدىيىنى يېنىمدىكى ماۋۇ ياپونىيىلىكلەر بىلمىدى. مەن «بۇ ئۆيگە خاتا كىرىپ قاپتىمىز» دەپ ئۇلارنى قايتۇرۇپ چىقتىم. كۆڭلۈم پاراكەندە، خىيالچان كېلىۋاتىمەن، يېنىمدىكى ياپونىيىلىكلەرنىڭ قىزغىن پاراڭلىرى، ئەتىگەندىن بېرى زىيارەت قىلغان «ئۆمۈر چولپانلىرى» ھەققىدىكى مۇلاھىزە، باھالىرى قۇلىقىمغا ئەسلا كىرمەيدۇ. تاغ كەينىگە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قۇياش ئاخىرقى ئاجىز نۇرىنى سەپمەكتە. سوغۇق تاغ شامىلى تېنىمنى قورۇدى، يۈزلىرىمنى خېلىلا تۈگۈدۈردى. تۇۋا، ئەمدى رەسمىي توڭلىدىممۇ - نېمە؟ پۈتۈن بەدىنىمنى مۇزدەك سوغۇق تەر قاپلاپ، ئىچ - ئىچىمدىن تىترەشكە باشلىدىم. ئۈستى قېلىن قار - مۇزلار بىلەن ئورالغان ئېگىز تاغلارغا قاراپ ئاستا پىچىرلىدىم: ئاھ خاسىيەتلىك، پاك تاغ شامىلى، مېنىڭ روھىمنى سەگىتكەنگە ئوخشاش، ئاشۇ سېكرېتارنىمۇ سەگىتكىن، ئۇنىڭ روھىي دۇنياسى پاكلانسۇن...

1998 - يىلى 1 - ئاي، خوتەن

**************************************************

# تەمە

سۆ ئىدارىسىگە بىر مۇئاۋىن باشلىق كەم ئىدى، ئىلگىرىكى يىلدىن بېرى باشلىق بولۇش تەمەسىدە يۈقىرى - تۆۋەن قاترىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى. ئۈچ ئادەم بىر يەرگە كەلسىلا يېڭى مۇئاۋىن باشلىق توغرىسىدا پەرەزلىرىنى دېيىشىپ، ئەمەل تەمەسىدە يۈرگەنلەرنىڭ بەزىلىرىنى خۇشال قىلسا، بەزىلىرىنى خاپا قىلىپ قوياتتى.

بۈگۈن ئىدارىدە يىغىن ئېچىلىپ، يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ رايى سىنالدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئۆزلىرى خالىغان كىشىلەرنى نامزات قىلىپ كۆرسەتتى.

— سابىر، سىزنى نامزات قىلىپ كۆرسەتتىم جۇمۇ، ئەمدى ئىچەمسىز؟ — دېدى يىغىندىن كېيىن قاسىم ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ ئاستا پىچىرلاپ.

— سابىر، بۇ ئورۇنغا سەن لايىق. نەچچە يىلدىن بېرى كاتىپلىق قىلىپ خىزمەت ئىشلەشنىڭ ئېپىنى بىلىۋالدىڭ، مەن سېنى نامزات قىلىپ كۆرسەتتىم، خۇشال بولساڭ بىر رومكا تۇت! — دېدى قەھرىمان.

— ئەلۋەتتە، بۇ ئورۇنغا سەندەك سېخىي بالىنى قو-

يۈش كېرەك. مەن سېنى نامزات قىلىپ كۆرسىتىپ بېلەت-
نىڭ ئارقىسىغا پاكىتلىرىمنى قوشۇمچە قىلىپ يېزىپ قوي-
دۇم، يازغۇچە چارچىدىم، ھاردۇقۇمنى چىقىرارسەن،
بىرلا بوتۇلكا بولسا بولدى،— دېدى ياسىن.
يېقىنلىرىنىڭ پاراڭلىرى سابىرغا ياقتى بولغاي، ھا-
ياجانلانغىنىدىن ۋۇجۇدىنى ئەزەلدىن كۆرۈلۈپ باقمىغان
بىر خىل ئىللىق سېزىم قاپلىدى. ئۇ بۇگۇن كەچ تېلېۋى-
زورمۇ كۆرمەي ئۆز خانىسىدا ئولتۇرۇپ تاتلىق خىياللار
قوينىدا ئەللەيلەندى: «توغرا، بۇ ئورۇنغا مەن تازا مۇۋا-
پىق. ئىدارە باشلىقىنىڭ مەندىن نەرى ئارتۇق! ئۇ قىلغان-
نى بىلمەيدىغان ئادەم، مەن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن.
ماڭا بىلەت تاشلىغانلارنى ئۇنتۇپ قالمايمەن. ئۇلارغا قو-
لۇمدىن كېلىشىچە شاپائەت قىلىمەن. قەھرىمانىنىڭ دېيى-
شىچە، تەڭ يېرىدىم بىلەت ماڭا چۈشۈپتۇ. دېمەك،
مەن ئىدارىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولدۇم دېگەن گەپ»،
ئۇ شۇنداق شېرىن ئارزۇلار بىلەن بىر كېچە ئۇخلىمىدى.
ئۇ بۈگۈن كۈندىكىدىن سەھەر تۇرۇپ ساقال - بۇرۇت-
لىرىنى پاكىز ئېلىپ، چېچىنى يۇيۇپ تاراپ، ھېيتتا
كىيىش ئۈچۈن تىكتۇرۇپ قويغان قارا سارجا شىم - كاس-
تۇمنى كىيىپ، ئادەتتىكى چاغلاردا ئايالى تاقاڭ دېسىمۇ
تاقىمايدىغان قىزىل گالستۇكىنى تاقاپ ئەينەك ئالدىدا ئۆ-
زىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى. بۇگۈن ئىدارىمۇ ئۇنىڭ
كۆزىگە باشقىچە گۈزەل كۆرۈندى: مەيدان، يول بۇرۇنقى-
دىن كەڭرى، تۈپتۈز، يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى دەرەخ-
لەر، ھۇپپىدە ئېچىلغان گۈللەر يۇيۇپ قويغاندەك پاكىز،
خىزمەت بىناسى بۇرۇنقىدىن ئېگىز ۋە ھەيۋەتلىك. . .

خىزمەتچىلەر سالام قىلىشۋېلىش ئۈچۈن بىر - بىرىدىن قىز-غىنىشىۋاتقاندەك، تونۇگۇن ئىككى خالتا ئۇننى ۋېلىسىت-پىتكە ئارتىپ تەرلەپ - پىشىپ كەلسە چوڭ دەرۋازىنى ئېچىپ بەرمىگەن دەرۋازىۋەن خۇددى دادىسىنىڭ ئالدىدا ئەركىلەپ قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغان بالىدەك. . .

ئۇ ئىشخانىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئىدارە باش-لىقى ئۇنى چاقىردى:

— ئۇكام سابىر، بۇياققا چىقىڭە!

«ئىدارە باشلىقى قولۇمنى سىقىپ تۇرۇپ تەبرىكلەي-دۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ باشلىقنىڭ ئىشخانىسىغا كىرگەچ.

— بىرقانچەيلەن خىزمەتچىلەر كۆرسەتكەن نامزاتلار-نىڭ بېلەت سانىنى ھېسابلاپ چىقايلى، — دېدى ئىدارە باشلىقى.

سابىرنىڭ خۇشاللىقتىن قىنىغا پاتماي سوقۇشقا باش-لىغان يۈرىكىنى يېرىم سائەتتىن كېيىن قادالغان بىر تال مىخ ئېچىشتۇردى.

— سابىر بىر ئاۋاز. . .

«بىر ئاۋاز؟ ئۆزۈمگە ئـۆزۈم ئـاۋاز بـەرمـىـگـەن بولسام. . .» ئۇ پىچىرلىغاچ ئېچىشقان يۈرىكىنى سول قولى بىلەن چىڭ بېسىپ باشلىق ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

1998 - يىل 12 - ئاي، خوتەن

# بۇرۇلۇش

يېزىدا ئېچىلىش ئالدىدا تۇرغان «ئۈچ دەرىجىلىك كادىرلار يىغىنى» نىڭ تېزىس سۆزىنى يېزىپ بولۇپ تۇرۇشۇمغا يېزا باشلىقى ئالدىراش كىرىپ كەلدى - دە:

— بولۇڭ، ئۇكام، تېز بولۇڭ، ناھىيىلىك تەشۋىقات بۆلۈمىدىن خىزمەت تەكشۈرۈپ كېلىدىكەن، سىز بېرىپ ئۇلارنىڭ كەچلىك تامىقىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلىڭ، — دېدى.

ئۇ سۆزلىگەچ نەگىدۇر بىر يەرگە تېلېفون ئۇرۇشقا باشلىدى، يېزا باشلىقى چاقچاق قىلىۋاتامدۇ - نېمە؟ دېگەن خىيال بىلەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. قارىسام ئۇ ھېچ چاقچاق قىلغاندەك ئەمەس، قۇلىقىم تەشكىلات بۆلۈم دېگەن سۆزنى تەشۋىقات بۆلۈم، دەپ ئاڭلاپ قالغاندىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا. . .

— ۋۇي، نېمە بولدى سىزگە، تۇرسىزغۇ تېخى، مەن سىزنى ئىـشـقـا بـۇيـرۇغـىـلـى نـەۋاق، دەرھال بېرىپ ئۆمەر ئاشپەز بىلەن كۆرۈشۈڭ، كەچ سائەت 5 كە بىر جوزىلىق تاماق تەييارلىسۇن، ئىچىملىكنىڭ ئەڭ نوچىسىدىن ئېلىڭ!

يېزا باشلىقى شۇنداق دەپلا ئالدىراپ سىرتقا ماڭدى. راستىنى دېگەندە مۇنداق ئىشلاردا خېلىلا ئېپىم بار ئىدى، ئۆمەر ئۇستامۇ كۆنۈك. «ئۆمەر ئاكا، ئەمىسە كەچتە سائەت مانچىدە مېھماندىن مانچىسى كەلمەكچى. . .» دەپلا قويسام ئىش دېگەننى گۈلىنى گۈلىگە كەلتۈرۈپ قىلىدۇ.

مەن ئىشلارنى جايى - جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولۇپ، يەنە «بۇ ئىشنى خاتا قىلىپ قويدۇممۇ - نېمە؟» دېگەن گۇماندىن خالىي بولالمىدىم. چۈنكى، كاتىپ بولۇپ ئىشلەۋاتقىنىمغا ئاز كەم ئۈچ يىل بولدى، مۇشۇ ئۈچ يىل جەريانىدا قايسى ئورۇندىن كەلگەن مېھماننىڭ قانداق كۈتۈلىدىغانلىقى ماڭا بەش قولدەك ئايان ئىدى. راستىنى دېگەندە ناھىيە مەسئۇللىرى 1 - دەرىجىلىك كۈتۈلۈشتىن بەھرىمەن بولاتتى؛ ئۇنىڭدىن قالسا تەشكىلات بۆلۈم، كادىرلار ئىدارىسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، سۇ ئىدارىسى. . . دېگەندەك ئىداردىن كەلگەنلەر 2 - دەرىجىلىك كۈتۈلەتتى. ئەگەر تەشۋىقات بۆلۈم، ئاياللار بىرلەشمىسى، ئىتتىپاق كومىتېتى. . . قاتارلىقلارنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى كەلسىمۇ يېزا مەسئۇللىرى شۇنداقلا كۆرۈشۈپ قويۇپ، ئۆز ئىشىغا كېتەتتى. ئۇلارنى پەقەت يېزىنىڭ شۇ خىزمەتكە مەسئۇل كادىرىلا خىزمەت دوكلاتى بېرىپ بولۇپ بىرەر قاچىدىن تاماق بىلەنلا يولغا سالاتتى، بۇلارنى ئويلىغانسېرى مېڭەم يەنە چىگىشالدى. ئىلگىرى ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپمۇ قويمايدىغان كىشىلەرنى ئەمدى خۇددى ھاكىمنى كۈتكەندەك كۈتمەكچى. . .

— ئىشلارنى جايىدا ئورۇنلاشتۇرغانسىز؟— قارىسام يېزا باشلىقى ئالدىمدىلا تۇرۇپتۇ.

— شۇنداق، ھەممىنى سىلى دېگەندەك ئورۇنلاشتۇردۇم، چاتاق يوق، شاڭجاڭ!
— ھە، ياخشى قىپسىز، ئەمدى سىز بىر يىلدىن بۇيانقى يېزىمىزنىڭ تەشۋىقات خىزمىتىدىن قىسقىچە خۇلاسە تەييارلاپ چىقىڭ، نەتىجىنى تەپسىلىي يېزىڭ، ئۆزۈم دوكلات قىلىمەن، — ئۇ شۇنداق دەپلا يەنە ئالدىراش سىرتقا ماڭدى.
— شاڭجاڭ، — مەن يۈگۈرگەنچە بېرىپ ئېغىز ئاچتىم، — بۇنى تەشۋىقات كادىرى يازسا بولماسمۇ، بۇرۇنمۇ؟...
— قويۇڭ ئۇ بۇرۇنقى گەپنى؟ — ئۇ سۆزۈمنى بۆلدى، — ھەي ئۇكام، تېخىچە بىلمەي يۈرەمسىز، ھازىر تەشۋىقات خىزمىتى ناھايىتى مۇھىم. تەشۋىقات بۆلۈم باشلىقى ھازىر ناھىيىلىك پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى...
مەن يېزا باشلىقىنىڭ سۆزىنى تولۇق چۈشەندىم. ئورۇنلاشتۇرۇشنى خاتا قىلماپتىمەن، ئەمدى خۇلاسىنى چوقۇم ياخشى يازىمەن.

1998 - يىلى 12 - ئاي، خوتەن

* * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * * *

# خىجىللىق

شەخسىي ئۆي سېلىش خىيالىم بىلەن ئېلىپ بارغان بىرقانچە ئايلىق «چارلاپ تەكشۈرۈش»تىن كېيىن، بۇ ئارزۇيۇمدىن بىراقلا ۋاز كەچتىم. شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە هازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيۈمنىڭ هويلىسىغا بىر ئېغىزلىق ئۆي سې ىش نىيىتىگە كېلىپ، بۇ ئىشقا تۇتۇش قىلدىم. قۇرۇلۇشچى كېلىپ ئۇچ كۈن ئۆتە ـ ئۆت ەيلا «ئۆيمۇ سالامدىغان؟» دەپ جاق تويدۇم: هېلى سېغىز تۈگىدى، هېلى قۇم تۈگىدى، هېلى سېمونت تۈگىدى. . . دېگەن، ئىش قىلىپ ماڭا زادىلا ئاراملىق بەرمىدى. هېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، هەرنېمە بولسا بۇرۇنقى پىلانىم بويىچە يەر سېتىۋېلىپ 8 — 10 ئېغىزلىق ئۆي سالماپتىمەن. ئەگەر شۇنداق قىلغان بولسام مەن ئۆينى ئەمەس، ئۆي مېنى سالاركەن. بۈگۈن يەنە، غورا قاپاق، دوقا ماڭلاي، چىرايى قاپقارا، كۆزى پىتىر خېمىرغا تىرناقنى پاتۇرۇپ قويغاندەكلا سوزۇنچاق ئۇستام ئېغىز ئاچتى:

— بۈگۈن ئىشىك ـ دېرىزىلەرنى ئېلىپ بەرسىلە، ئىشىكنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر 40 سانتا، كەڭلىكى 60 سانتا، دېرىزىنىڭ ئېگىزلىكى 2 مېتىر، كەڭلىكى 1 مې-

ـتىر 60 سانتا بولسا بولىدۇ.

— قانچە پۇلغا ئالغىلى بولار؟ — دېدىممەن. چۈنكى، مەن مۇشۇ يېشىمغا كەلگۈچە ئىشىك - دېرىزە، ياغاچ بازىرىغا بېرىپ باقمىغان ئىدىم.

— ئىشىكنى 80 كوي، دېرىزىنى 100 كويغا ئالسىلا نەرخىدە ئالغان بولىلا، ئوبدانراق كۆرۈپ ئالسىلا، سىلى كادىر خەق، ئۇقمايلا، هۆل ياغاچتا ئەتكىنىنى هەرگىز ئېلىپ سالمىسىلا، بولمىسا كېيىن باشقىدىن ئالماشتۇ-رۇشقا توغرا كېلىدۇ.

مەن «سۇزۇكى» نى چاپتۇرۇپ ياغاچ بازىرىغا كەل-دىم. پاھ! بازار دېگەن مۇشۇكەن ئەمەسمۇ؟ ئىشىك - دېرىزىلەر نۇسخىلىرى، سۈپىتى بويىچە تىزىپ قويۇلغان بولۇپ، بېدىكلەر كىرگەنلىكى كىشىنى ئېغىز ئاچقۇزماي ياغاچ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى تونۇشتۇرۇپ ساراڭ قىلىدى-كەن. مەن بۇ يەردىكى بۇ خىل غەلۋە - غۇدۇردىن بىزار بولۇپ، تۇزۇكرەك كۆرمەيلا 90 يۈەنگە بىر ئىشىك، 100 يۈەنگە بىر دېرىزە ئالدىم.

ئەتىدىن بېرى ماڭا سودا قىلىشىپ بەرگەن گەپدان، ئورا كۆز، قاڭشارلىق، ئېگىز بوي كىشى مەندىنمۇ سورد-مايلا ئىشىك - دېرىزىلەرنى نېرىراقتا تۇرغان هارۋىغا باس-تى، مەن ئەگىشىپ يېنىغا كەلدىم.

— مۇئەللىم، بۇلارنى نەگە ئاپىرىمىز؟

— سىلى ئاپىرىپ بېرەملا؟ — دېدىممەن بىر ئىشە-نىپ، بىر ئىشەنمەي ئۇ كىشىگە قاراپ، چۈنكى مەن ئۇ كىشىنى ياغاچ بازىرىنىڭ بېدىكى بولسا كېرەك، دەپ ئويد-لىغان ئىدىم.

— شۇنداق، خاتىرجەم بولسىلا، مەزمۇت تېڭىۋەت-
تىم، سىلى ئۆيلىرىنى دەپ بېرىپ موتسىكلىتلىرىدە ماڭ-
غاچ تۇرسىلا، مەن دەرھال يەتكۈزۈپ بېرىمەن.

— قانچە پۇل ئالىلا؟

— باشقا ئادەم بولسا 15 كوي ئالاتتىم، مەيلى، سىلى
مۇئەللىمكەنلا، 10 كوي بەرسىلە.

مەن ئۇ كىشىگە ئۆيۇمنىڭ ئادرېسىنى چۈشەندۈرۈپ
قويۇپ ئالدىدا يېنىپ كەلدىم. قۇرۇلۇشچىلار ئىشىك -
دېرىزىلەرگە ساقلاپ، ئىشلىرىنى توختىتىپ، ئۆيدە تېلې-
ۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇپتۇ، مەن چوڭ يولغا چىقىــپ
تىت - تىت بولۇپ كۈتۈپ تۇرغىلى ئىككى سائەتتىن ئاش-
تى. بىرقانچە ئىدارىنىڭ ئالدىغىمۇ بېرىپ باقتىم. ئۇرا
كۆز، ساختىپەز مۇناپىقنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. نېمە
ئامال؟ «ئۇزۇم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەن-
دەك، بۇ ئاچچىقنى كىمدىن ئالىمەن؟ پەقەت ئارقا - ئارقى-
دىن ئۇزمەي تاماكا چەكتىم. ھەي! . . . ئادەملەردە ئىن-
ساپ-دىيانەت، پەزىلەت يوقىلىۋاتقان مۇشۇ كۈندە ئۇ ئادەم-
گە ئىشەنگىنىم نېمىسى؟ . . . بەلكى ئۇ ھازىر ئىشىك-دې-
رىزىلەرنى يېزىدىكى ئۆيىگە ئاپىرىپ تىقىپ قويغاندۇ ياكى
ئۇدۇل كەلگەن بىرىگە ئەرزان سېتىپ پۇلىغا گۆشگىردە
يەپ ئۆز ئىشىدىن ھۇزۇرلىنىپ ئولتۇرىدىغاندۇ. . . شۇ-
ڭا، بۇ خەقلەرنىڭ ئىشتىنى تىزىدىن ئاشمايدۇ. خەپ توخ-
تاپتۇر، سەن ساختىپەزنى ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ تېپىپ
كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسەتمەيدىغان بولسام! . . .

ساقچىخانىدىكى ساۋاقدىشىم ئەزىمەتكە تېلېفون بېرد-
ۋىدىم، ھايال بولمايلا يېتىپ كەلدى. ئۇمۇ بولغان ئىشلارنى

ئاڭلاپ كايىپلا كەتتى:

— قارا، ئاداش، شۇنداقمۇ دۆتلۈك قىلامسەن؟ ھازىرقى ئادەملەر بىر پۇڭىنىڭ ئۈستىدە تىك تۇرىدۇ. بالىسى دادىسىنى قارا قويىدىغان زامان ئىكەنلىكىنى بىلمەمسەن؟ يۇرە، ياغاچ بازىرىغا بىرىپ ئۇقۇشۇپ كۆرەيلى، بەلكىم ئۇ مۇناپىقنى تونۇيدىغان بىرەرسى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، ئەگەر تېپىۋالىدىغان بولسام. . .

ئەزىمەتنىڭمۇ ئاچچىقى بوش كەلمىگەن ئىدى.

بىز قاراڭغۇ چۈشۈشكە يېقىن نەس باسقان ياغاچ بازىرىغا كەلدۇق. بازاردا ياغاچ ئىگىلىرىدىن باشقا ئادەم قالمىغان ئىدى. پاھ، ماۋۇ ئىشنى! ھېلىقى ساختىپەز دۆۋىلەكلىك ياغاچ ئۈستىدە تۇگۇلۈپ ئولتۇرىدۇ. ئالدىغا غەزەپ بىلەن باردىم. پۇتۇن بەدىنىم ئاچچىقتىن تىترەپ مۇشتۇمۇم چىڭ تۇگۇلدى.

— ئەتىگەنكى ئىشىك-دېرىزىلەرقېنى؟ — ياقىسىدىن قاماللاپ تۇرغۇزماقچى بولۇۋىدىم، ئۇ ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئىشىك - دېرىزىلەر ئەنە، ئۇكام، ھەرنىمە بولسا كەلدىلە، قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى، سىلىنى كېلىپ قالار دەپ ئۆيگىمۇ كىرەلمىدىم، — ئۇ ھارۋىسىنى كۆرسەتتى. راست دېگەندەك، ئىشىك - دېرىزە ئەتىگەنكىدەك تېڭىقلىق تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن يەنىلا سەمىمىيلىك، ياۋاشلىق چىقىپ تۇراتتى، — سىلى ئەتىگەن ھالالباغ مەكتەپ دېگەندەك قىلغانتىلە، لېكىن سىلىنىڭ ئۆيلىرىنى زادىلا تاپالماي ئەمدىلا كېلىپ تۇرۇشۇم، — دېدى ئۇ مەندىن كەچۈرۈم سورىغان قىياپەتتە.

ئاچچىقىم بىراقلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى:

— مەن سىلىگە شامالباغ مەكتەپ دېگەنغۇ؟ ئاپلا، شۇنداق قىلىپ 6 كىلومېتىر يولنى بىكاردىن يۈردۈم دېسىلە، — دېدىمەن لاسسىدە بوشاپ.

كىراكەشنىڭ چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا قاراپ ئىچىم سىيرىلدى. بىچارە ئەسلى مەن ئويلىغاندەك ئادەم ئەمەسكەن، ئىسىت! ئەتىگەندىن بېرى ئۇنى قارغاپ نەچچە مىڭنى تىللاپ، كۆرگۈلۈكنى كۆرسەتمەكچى بولغانلىرىمنى ئويلاپ يۈزۈم ئوت ئالدى. پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى سوغۇق تەر باستى.

ئالدىمدىكى بۇ كىشىگە تىكىلىپمۇ قاريالماستىن ئەزىمەتكە قارىدىم. ئۇنىڭ چىرايىدا بايىقى ئاچچىقتىن ئەسەرمۇ قالمىغان ئىدى. ئۇمۇ كىراكەشكە يېنىنى قىلىپ باشقا ياققا قاراپ تۇرۇپتۇ.

1999 - يىل 1 - ئاي، بېيجىڭ

# ئالا بويناق

دۇنيادا ئىتتىن قورقمايدىغان ئادەم بولمىسا كېرەك، مەن شۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەممىدىن بەك قورقىدىغىنى، ھەر قېتىم سىرتلارغا چىقسام سەزگۈم قايسى ئۆينىڭ ئارقىسىدا، قايسى باغنىڭ شورىسىدا، قايسى ئىسكىلاتنىڭ ئالدىدا. . . ئىت بارلىقىنى بالدۇر بىلىدۇ. بۇنداق چاغدا پۈتۈن بەدىنىم چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلۈپ، ئۆپكەم ئېغىزىمغا كەپلىشىپ، يۈرىكىمنىڭ رىتىمى تېزلىشىشكە باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەن تېخىمۇ سەگەكلىشىپ، قەدەمنى ئېھتىيات بىلەن ئالىمەن. چۈنكى، مەن بىر قېتىم ئىتنىڭ قاتتىق تالىشىغا ئۇچراپ، قورقۇنچاقلىق كېسىلىگە گىرىپتار بولغانمەن. شۇڭا، ئىتقا ئىنتايىن- ئىنتايىن ئۆچ. بىراق، يېقىن دوستۇم ئابدۇرۇسۇل ئىتقا قەۋەتلا ئامراق. شۇڭىمۇ ئىدارىنىڭ كاتەكتەك ئۆيىنىڭ كىچىككىنە ھويلىسىدا ئىت باقىدۇ. ئابدۇرۇسۇلنىڭ بۇ ئالا بويىنىقىنىڭ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقىچۇ تېخى! ئۆزى مۇشتۇمدەك بولغىنى بىلەن ئادەمنى تىرىك يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا

ھاۋشىپ، زەنجىرنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىلكىپ، جاننى ئالدۇ. شۇنداقتىمۇ خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشمەي كەتسەم سەت ئەمەسمۇ؟!...

ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇرۇسۇلغا كادىرلار ئىدارىسىنىڭ بىر-رىنچى قول باشلىقلىق ئەمىلى تەگكەن ئىدى. ئەلۋەتتە ئۇنى تەبرىكلەپ بىردەم - يېرىم-دەم مۇڭداشمىسام قانداق بولىدۇ؟...

ھەي!... يەنە ئۇنىڭ ئاشۇ ئالا بويىنىقى! يۈرىكىم ئەنسىز سوقۇشقا باشلىدى. ئىشىكنى ئېھتىيات بىلەن ئاستا چەكتىم:

— ۋوي، مەۋلانجانغۇ، قېنى ئۆيگە كىرىڭلا، — ئابدۇرۇسۇل مەن بىلەن قىزغىن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ ئۆيگە باشلىدى. لېكىن، مەن ئەنزە ئېنىقلىغىلى كەلگەن رازۋېدكا خادىمىدەك ھويلىنىڭ تۆت ئەتراپىغا ئېھتىيات بىلەن قارىدىم. كەيپىياتىمدىكى نورمالسىزلىقنى سەزگەن دوستۇم ھەممىنى چۈشەندى بولغاي، ئېغىز ئاچتى:

— ئاداش، ئۆزۈڭلىنى ئازادە تۇتۇڭلا، يەنىلا شۇ ئىتتىن قورقۇپ تۇرامسىلە - نېمە؟

— ئەلۋەتتە، قېنى ئۇ ئالا بويىنىقىڭلا، ھېچ ئاۋازى ئاڭلانمايدىغۇ؟

— ئالا بويناق ئەنە، ئاداش، لېكىن يېقىندىن بېرى ئۇ ياۋاشلاپ قالدى. بۇرۇنقىدەك كىم كىرسە قاۋاپ يۈرمەيدۇ.

راست دېگەندەك ئالا بويناق ھويلىنىڭ بۇرجىكىدە

كۆزىنى پارقىرىتىپ ياتاتتى. ئۇ بىر جۈپ ئۆتكۈز كۆزىنى قولۇمدىكى سومكىغا مەركەزلەشتۈرۈپ قۇيرۇقىنى بوشقىنا شىپاڭشىتتى.

— قېنى، ئاداش، ئالا بويناقنى مەن توسۇپ تۇراي، سىلى مېڭىڭلا، — دېدى ئابدۇرۇسۇل قولۇمدىكى سومكىنى ئېلىپ.

مەن خۇددى بومبىنىڭ ئۈستىگە دەسسەپ سالىدىغاندەك ئاۋايلاپ قەدەم ئېلىپ ئۆيگە ئامان-ئېسەن كىرىۋالدىم.

ئابدۇرۇسۇل بىرقانچە ئاغىنىمىزنى تېلېفون بېرىپ چاقىردى. بىز بىر چاغقىچە ئىچىشىپ مۇڭدىشىپ ئولتۇردۇق. ئارىلىقتا بىرقانچە قېتىم ھاجەتكە چىققاندىمۇ، ئالابويناق زادىلا قاۋاپ سالمىدى. ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەيلا قالدىم. توۋا دەيمەن، ئىتلارنى ياۋاش قىلىدىغان بىرەر كېسەللىك تارقالغانمىدۇ؟... بارا-بارا ھەيرانلىقىم تۈگەپ، ئازادە، خاتىرجەم ئولتۇردۇم. باشقىلار ئۆيلىرىگە قايتىشتى. مەن ئابدۇرۇسۇلنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدىم. ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ناشتا قىلغاندىن كېيىن سومكامنى كۆتۈرۈپ خاتىرجەم ماڭدىم. كىم بىلسۇن، «ھاپ!» قىلغان ئاۋازدىن قورقۇپ سومكامنى تاشلاپ ئۆزۈمنى سىرتقا ئاتتىم. ئابدۇرۇسۇل يۈگۈرۈپ كېلىپ ئالا بويناقنىڭ بېقىنىغا كۈچەپ تەپتى. قارىسام، ئىت سومكامنىڭ بېغىنى مەھكەم چىشلەپ تۇرۇپتۇ. ئاغزىمغا

گەپمۇ كەلمىدى. ئابدۇرۇسۇل سومكامنى ئالا بويناقنىڭ ئاغزىدىن ئاجرىتىپ، مېنى بېكەتكىچە ئۆزىتىپ كەلدى.

ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرىمەن: ئالا بويناق-نىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشى بىلەن ئابدۇرۇسۇلنىڭ كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇشى كاللامدا روشەن سېلىشتۇر-ما بولۇپ تۇرىدۇ. ئۇزاق ئويلاندىم، بارا - بارا بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ تېنىم شۈركەندى. پۈتۈن بەدىنىمنى مۇزدەك سوغۇق تەر قاپلىدى. قالايمىقانلىشىپ كەتكەن نېرۋامنى سەگەكلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئاپتوبۇس دېرىزىسىنى يوغان ئېچىپ، ساپ ھاۋادىن قانغۇچە نەپەسلەندىم. ئاپتو-بۇس توختاۋسىز ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

1999 - يىل 3 - ئاي، خوتەن

# پۇشايمان يېشى

دىلشات مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى گازىرچى ئايالدىن 5 موچەنلىك گازىر ئالدى. ياشانغان ئايال گازىرنى ئۇنىڭ چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا ئاۋايلاپ قويۇپ، ئاشقان پۇلنى قولىغا تۇتقۇزدى. دىلشات قولىدىكى پۇلغا قاراپ ھەيران قالدى: گازىرچى ئۇنىڭغا 1 يۈەن 50 پۇڭ ئەمەس، بەلكى 4 يۈەن 50 پۇڭ قايتۇرغان ئىدى. «ھوي، جىق قايتۇردىمۇ نېمە، مېنى ھەقاچان 5 يۈەن بەردى دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشاي-دۇ، قانداق قىلسام بولار، ئارتۇق پۇلنى قايتۇرۇپ بەرسەم خۇش بولۇپ، رەھمەت بالام دەپ ئالىدۇ شۇ، لېكىن بۇنداق قۇرۇق رەھمەتكە نېمە كېلىدۇ؟ ئەگەر قايتۇرۇپ بەرمەي كەتسەم، ئەتە مەكتەپكە كەلگەندە مېنى تونۇپ قالسا نېمە دەيمەن؟ مۇمكىن ئەمەس، ئۇ تونۇيالمايدۇ، ھەر كۈنى بۇ دەرۋازىدىن نەچچە يۈز بالا كىرىپ- چىقىۋاتسا، گازىر ئېلىۋاتسا كىمگە پۇلنى ئارتۇق بەرگەنلىكىنى قانداق بىلە-لىسۇن؟ توغرا، تېز كېتەيچۇ!...» دىلشات ئالدى-كەينىگە قاراپ يۈگۈردى، شۇ يۈگۈرگەنچە مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى يولدىن چوڭ يولغا چىقىپ كەينىگە ئېھتىيات

بىلەن قارىدى. چۈنكى ئۇ كۆڭلىدە، كەينىدىن گازىرچى ئايال «توختا بالام، پۇلنى ئارتۇق ياندۇرۇپ بېرىپتىمەن» دەپ كېلىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. خۇداغا شۈكرى، ئۇنىڭ كەينىدە مەكتەپتىن قايتىۋاتقان بالىلارلا كۆرۈندى. ئۇ تېخىمۇ سىنچىلاپ قارىۋىدى، ئۆز ئورنىدا گازىر سېتىپ ئولتۇرغان ئايالنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىسىنى كۆردى. شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

دىلشات چوڭ يولغا چىقىپ يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ، ئالدىرىماي يەنە بىر قېتىم ساناپ چىقتى. پۇل راستتىنلا بايا كۆرگەندەك 3 يۈەن ئارتۇق ئىدى. «خۇدايىم بەردى دېگەن شۇ ئوخشايدۇ، بۇ پۇلنى قانداق قىلسام بولار؟ دادام كۆرۈپ قېلىپ نەدىن تاپتىڭ دېسە نېمە دەيمەن؟ ئەگەر گازىرچى ئايال ئارتۇق بەردى دېسەم دادامنىڭ ماڭا ئاچچىقلىنىشى تۇرغان گەپ، يولدىن تېپىۋالدىم دېسەمچۇ، ئۇ چاغدا نېمىشقا مۇئەللىمىڭگە تاپشۇرۇپ بەرمىدىڭ، دەپ تەنقىد قىلىدۇ. ھەي، چوكامۇز ئېلىپ يېسەمچۇ؟ ئانام چوكامۇزنى كۆپ يېسەڭ زۇكام بولۇپ قالىسەن، يېتىپ قالساڭ دەرستە كېيىن قالىسەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ مېنى بەكمۇ زېرىكتۈردى. باشقا بالىلار چوكامۇز يېسە كېسەل بولماي، مەن بولارمەنمۇ؟...»

— دىلشات، توختىغىنا، — يولنىڭ نېرىقى چېتىدىن يۈگۈرەپ كېلىۋاتقان ساۋاقدىشى ئالىمجاننىڭ چاقىرىشى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلدى، ئالىمجان ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئالىمجاننىڭ قولىدا يېرىم نان شەكلىدىكى مارۇژنا تۇراتتى. مارۇژنىنىڭ كىچىك، شۇنداق چىرايلىق سۇلياۋ قو-

شۇقى بولۇپ، ئالىمجان ئاشۇ قوشۇقتا خۇددى ھالۋا يېگەن-دەك يەۋاتاتتى. «ئۇ مېنى نېمىگە چاقىردىكى دېسەم، قولىدىكى مارۇژنىنى كۆز-كۆز قىلغىلى چاقىرىپتىكەن-دە!» دىلشات شۇلارنى ئويلاپ دوستىغا چىرايمۇ ئاچمىدى.

— دىلشات، ماۋۇنىڭدىن يەپ باقامسەن، بەك تاتلىق، شۇنداق تەملىككەن قارا،— ئالىمجان مارۇژنا يۇقى لەۋلىرىنى يالاپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:— دادام ئەتىگەن 3 يۇەن بەرگەنتى، شۇنىڭغا ئالدىم. سەنمۇ مۇشۇنىڭدىن ئېلىپ يېسەڭ بولمامدۇ؟

— توختاپ تۇر، ئاداش، مەنمۇ مارۇژنا ئېلىۋالاي، ھە...— دىلشات شۇنداق دېگىنىچە يولنىڭ چېتىدىكى سۆگەت سايىسىدا ئولتۇرغان تىجارەتچىنىڭ يېنىغا كەلدى. توڭلىتىش ساندۇقىنىڭ ئالدى تەرىپىگە تۇرلۇك چوكامۇز، مارۇژنا... قەغەزلىرى چاپلاقلىق تۇراتتى، ئۇ ئاشۇ قەغەزلەرگە سىنچىلاپ قاراپ چىققاندىن كېيىن ئالىمجاننىڭ قولىدىكىدەك مارۇژنىنىڭ قەغىزىنى كۆرسەتتى،— مانا ماۋۇنى ئالاي، قانچە پۇل؟

— 3 يۇەن، مۇشۇنىڭدىن ئالامسەن؟ بۇچۇ كارامەت تەملىك،— تىجارەتچى ماختىغاچ ساندۇقتىن ئۇ كۆرسەتكەن مارۇژنىنى ئېلىپ سۇندى، دىلشات يېنىدىن 3 يۇەن چىقىرىپ تىجارەتچىگە بېرىپ، ئالىمجاننىڭ يېنىغا گىدەيگەن ھالدا كەلدى.

— دىلشات، ھېساب دەپتىرىڭنى بېرىپ تۇرە، مۇئەللىم بەرگەن تاپشۇرۇقنى يېزىۋالاي،— ئالىمجان بايا مۇئەللىم دوسكىغا ھېسابتىن تاپشۇرۇق بەرگەندە، قەلىمىنى

تاپالماي ئۇنى يېزىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدى.

— ئەمىسە مۇشۇ يەردىلا يېزىۋال. مەنمۇ كەچتە ئىشلىمىسەم بولمايدۇ، — دىلشات شۇنداق دېگەچ دومبىسىگە قولىنى ئۇزاتتىيۇ، تۇرۇپلا قالدى، — مېنىڭ سومكام قېنى؟

— ۋاي راست، سومكاڭ يوققۇ؟ — ئالىمجانمۇ ھەيران قالدى، — سىنىپتا ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ ـ يا؟ . . .

— ياق، سىنىپتىن ئېلىپ چىققان، — دىلشات سىنىپتىن چىققاندىن بۇيانقى ماڭغان، تۇرغان يەرلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەسلەپ چىقتى.

— ۋاي ئىسىت، بايا گازىر ئالغان يەردە قالغان ئوخشايدۇ، — ئۇ كەينىگە قاراپ ئۇچقاندەك يۈگۈردى.

راست دېگەندەك ئۇنىڭ ھاۋا رەڭلىك، ئىككى يېنىدا كىچىك يانچۇقى بار سومكىسى گازىرچى ئايالنىڭ ھارۋىسىنىڭ ئۈستىدە تۇراتتى. ئۇ تۇرۇپلا قالدى: «سومكىنى ئىزدەپ كەلگەندە ئارتۇق بېرىۋەتكەن پۇلنى ئېلىۋالارمەن، دېگەن ئوخشايدۇ. بولمىسا يەردە ئۇنتۇپ قالغان سومكا قانداق بولۇپ ئۇنىڭ ھارۋىسىغا چىقىپ قالىدۇ، قانداقمۇ قىلارمەن ئەمدى؟ . . . ھەي ئىسىت! ھەي ئىسىت! . . . پۇلنى ئارتۇق ياندۇرغىنىغا خۇشال بولۇپ سومكامنى ئۇنتۇپ قالغىنىمنى قارىمامدىغان! مۇئەللىمگە دېسە، ساۋاقداشلىرىم ئاڭلىسىچۇ؟ يۈزۈم تۆكۈلىدىغان بولدىدە! . . .»

— بالام، بۇياققا كېلىڭە! — گازىرچى ئايال مۇلايىم ئاۋازدا ئۇنى چاقىردى.

«ھەقاچان قولۇمدىن ‹كاپ› قىلىپ تۇتىدۇ، مەيلى يېقىنغا بىاراي، شۇ چاغدا بىر گەپ بولار! . . . » دىلشات شۇلارنى ئويلىغاچ يۈت - قولىدا جان قالمىغان هالدا، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ ئايالنىڭ يېنىغا باردى ۋە گەپ - سۆزسىز يەرگە قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ روهىي هالىتىدىكى نورمالسىزلىقنى سەزگەن ئايال سورىدى:

— نېمە بولدىڭىز، بالام، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە، تىترەپلا تۇرىسىزغۇ؟— ئايال ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ پېشا- نىسىنى تۇتۇپ كۆردى،— قىزىتمىڭىز يوقتەك قىلىدۇ. ھەقاچان چوكاموزنى كۆپ يېگەن ئوخشايسىز. . .

دىلشات بوغۇزىغا بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك زادىلا گەپ قىلالمىدى، ئۇ شۇ تاپتا بۇ ئايال ئارتۇق قايتۇرۇپ بەرگەن 3 يۈەن پۇلغا مارۇژنا ئېلىپ يېگىنىگە ھەقىقەتەن پۇشايمان قىلماقتا ئىدى. ئۆزىنى شۇنچە تۇتۇۋالاي دېسە- مۇ، كۆز چاناقلىرى ياشقا تولدى. بار غەيرىتىنى يىغىپ كەچۈرۈم سورىماقچى بولدىيۇ، يەنىلا لەۋلىرى تىترەپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ زۇۋانى چىقمىدى - دە، ئۇن قويۇپ يىغلى- ۋەتتى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئاققان تارام - تارام ياشلار يۈزى- نى، ئېنىقراقى قەلبىدىكى كىر - داغلارنى يۇيۇپ تازىلى- ماقتا ئىدى. گازىرچى ئايال يېنىدىن قولياغلىقىنى ئېلىپ ئۇنىڭ ياشلىرىنى سۈرتتى. لېكىن، ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى پات توختايدىغاندەك قىلمايتتى.

1999 - يىل 3 - ئاي، خوتەن

# ئاياغ سېتىۋېلىش

شەھەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ،ھەپتىدىن بېرى «ئاياغ شەھىرى» سودا سارىيىدا ھەر خىل ئاياغلارنىڭ باھاسىنىڭ 30% چۈشۈرۈپ سېتىلىدىغانلىقى توغرىسىدى-كى ئېلاننى بەرگىلى تۇردى. بۇ ئېلانغا مەندىن ئۆتە باھاسى چۈشۈرۈلگەن مالغا ئامراق ئايالىم بەكلا قىزىقىپ قالدى.

— بىر كۆرۈپ باقمىدىڭىز، ھېيت يېقىنلاپ قالسا ھەممە نەرسىنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە سودىگەر دېگەندىمۇ پەقەت ئىنساپ قالمىدى. 30% چۈشتى دېگەن خېلى ئېتىبار باھا، — دېدى ئۇ مېنىڭ ئېغىرلىقىمغا خاپا بولۇپ.

دېمىسىمۇ مەن مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىدىغان ئېلانغا ئاز-چە قىزىقىپ كەتمەيتتىم. بىر تۇرۇپ ئايالىمنىڭ دېگىنىمۇ توغرا ئىدى. ئالدىنقى يىلى ھېيتنىڭ ھارپا كۈنى ئۆزۈمگە تۇزۇكرەك ئاياغ تاپالماي ھۆكۈمەت دۇكانلىرىدىن تارتىپ شەخسىي سودىگەرلەرنىڭ بوتكىلىرىغىچە ئارىلاپ، ئاخىر ئاران دېگەندە «ئاياغ شەھىرى» سودا سارىيىدىن 120 يۈەن-گە پۇتۇمدىكى بۇ ئاياغنى سېتىۋالغىنىم ھازىرمۇ ئېسىمدە، شۇنداق ئىكەن، باھاسى چۈشكەن ئاياغدىن بىر جۈپ سېتى-

ۋالسام بىرئاز بولسىمۇ پۇل يانچۇقۇمدا قالىدۇ - دە.

بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا بازاردا كىشىلەر ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. مەن ئۇدۇل شەھەرنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ھەيۋەتلىك «ئاياغ شەھىرى» سودا سارىيىغا كەلدىم، چوڭ ئىشىكنىڭ ئۈستى تەرىپىگە: «سودا سارىيىمىزدىكى ھەر خىل ئاياغلارنىڭ باھاسى 30 ٪ چۈشۈرۈلدى. خېرىدارلار- نىڭ تاللاپ سېتىۋېلىشىنى قارشى ئالىمىز!» دېگەن خەتلەر يېزىلغان لوزۇنكا ئېسىقلىق تۇراتتى. پەلەمپەيلەردىن قىستىلىشىپ، ئىتتىرىشىپ چىقىۋاتقان - چۈشۈۋاتقان كى- شىلەرگە قاراپ: «ماۋۇ كارامەتنى كۆرۈڭ، ئەگەر بىكارغا ئاياغ تارقاتقان بولسا، قانچىسى مۇشۇ پەشتاقتا دەسسىلىپ ئۇ ئالەمگە سەپەر قىلاتتىكىن» دېدىم ئىچىمدە. ئۇھ، خۇداغا شۈكرى، ھەرنېمە بولسا مەنمۇ ئۇرۇلۇپ - سوقۇ- لۇپ يۇرۇپ ئاياغ ساتىدىغان پەشتاختىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. سېرىق بويىۋالغان چاچلىرىنى كۆپتۈرۈپ بۇدۇر قىلىۋال- غان، چىرايىغا ئۇپپا - ئەڭلىكنى ھەددىدىن كۆپ سۇركى- ۋالغان، قاڭشارلىق، يوغان قارا كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدى- غان مال ساتقۇچى چوكان تولىمۇ ئالدىراش ئاياغ سېتىۋاتتى- دۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئاياغلارنىڭ باھاسىغا تەپسىلىي قارىدىم: ئەڭ ئەرزىنى 160 يۈەن، يۇقىرىسى 350 يۈەنگى- چە. ئاياغلارنىڭ باھاسىغا قاراپ دېلىغۇل بولۇپ تۇرىمەن. باشقا كىشىلەرنىڭ كاللىسىغا: «30 ٪ چۈشۈرۈلدى» دې- گەن ئېلان باشقىچە تەسىر قىلدىمۇ قانداق، ئۇلار ئاياغلار- نىڭ باھاسىنى سۈرۈشتە قىلىپ يۈرمەيلا بەس - بەستە سېتىۋالماقتا ئىدى. بەكلا تەڭقىسلىقتا قالدىم: قانداق قىلىشىم كېرەك؟ سېتىۋالاي دېسەم قىممەت، ماڭا ئوخ-

شاش 500 يۈەن مائاش ئالىدىغان ئاددىي ئوقۇتقۇچى 160 يۈەنگە ئاياغ ئالسام، بۇ ئايدا ئاياغ كىيىپ، شامال يەپ يۈرگىلى، پەتىلەپ كىرگەنلەرگە پۇتۇڭدىكى ئاياغنى كۆرسىتىپ قۇرۇق يولغا سىلىپ قويغىلى بولمايدۇ - دە! ئەگەر ئالماي چىقسامچۇ؟ ئۇ چاغدا ئەتىدىن بېرىقى ئەجىرىم، تەرلەپ - تەپچىرەپ يۈرۈپ پەشتاختا ئالدىغا كەلگىنىم بىكار بولىدۇ. ئۇغۇ مەيلى، مۇھىمى باھاسى چۇشۇرۇلگەن مالغا ئامراق ئايالىم تاپا - تەنە قىلىپ ساق كاللامنى ساراڭ قىلىشى ئېنىق، ئاخىر سېتىۋېلىش نىيىتىگە كېلىپ ئۆزۈمگە 160 يۈەنگە بىر جۈپ ئاياغ سېتىۋالدىم.

ئايالىم ۋە قىزىمغا ئاياغ ئېلىشتىن ۋاز كەچتىم، ئاياغنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ تەپسىلىي قارىدىم: پاسونى، تىكىلىشى، چەمى ھەتتا رەڭگىگىچە ئالدىنقى يىلى 120 يۈەنگە سېتىۋالغان ئاياغنىڭ ئۆزى، نىمە ئامال، كۆڭلۈم غەش ھالدا ئۆيگە كەلدىم.

— قانداق، ئالدىڭىزمۇ؟ مانا بىر چىرايلىق ئاياغكەنغۇ! زورلىمىسام بارماي قويغىلى تاس قالدىڭىز! — ئايالىم ئاياغنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپ ئاغزى بېسىلماي سۆزلەپ كەتتى.

— قانچىگە ئالدىڭىز دېمەمسىز، چۈشۈرۈلگەن باھاسى 160 يۈەن، ياخشىراق بېقىڭە، پۇتۇمدىكى ئاياغنىڭ ئۆزى شۇ، شۇنداقتىمۇ 40 يۈەن قىممەت! — دېدىم زەردە بىلەن.

ئايالىم بىرماھا، بىرقولىدىكى ئاياغقا قاراپ تۇرۇپلا قالدى.

1999 - يىل 11 - ئاي، بېيجىڭ

# قار، يۈرىكىمگىلا ياغ . . .

## 1

قاسىمجان يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئادەتتىكى ئوقۇتقۇچىلىقىدىن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى مېھمانخانىسىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى. بۇ ئىش ئۇنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋەتتى، روھى كۆتۈرۈلۈپ ئۆزىنى بىرقانچە ياش ياشىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بۈگۈن ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى ئائىلىلىكلەر قورۇسىدىن بېرىلگەن ئىككى ئېغىزلىق ئاددىي ئۆيگە جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، خوتۇنىنىڭ مەنىلىك ئەركىلەشلىرى، خۇمارلىق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ناز قىلىشلىرىغىمۇ پەرۋا قىلماي، كەينىنى قىلىپ ياتقان پېتى خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇدى.

ئىككى يىلدىن بېرى قىلغان ئەجرىم، تارتقان جاپالىرىم بىكارغا كەتمىدى. قانداق بولمىسۇن ھاكىم ساۋاقداشلىقىنىڭ يۈزىنى قىلدى، توغرىسى قىزىنىڭ قۇلاق تېشىش تويىدا خانىمىغا قويغان 21 گراملىق ئالتۇن بىلەزۈكنىڭ يۈزىنى قىلدى. بولمىسا يەنە قاچانغىچە ئاشۇ توپا - چاڭ

ئۆرلەپ تۇرىدىغان، ۋەيرانە مەكتەپتە كۈنگە ئالتە سائەت-تىن ئوشۇق گەپ سېتىپ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان دۆۋە-دۆۋە تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى تەكشۈرۈپ، جىڭغا ئولتۇرماي-دىغان تۇرلۇك پىرسەنتلەرنى دەپ ئىچى يامان، مەنمەنچى مەكتەپ مۇدىرى بىلەن قىزىرىشىپ يۈرەتتىمكىن! . . . ئۇھ، خۇداغا شۈكرى، ھەرنىمە قىلسام قىلىپ، ئاشۇ سەھرادىن، ئاشۇ ئايىغى چىقماس خاپىلىقتىن بىراقلا قۇ-تۇلدۇم. ئەمدى مېنىڭمۇ راھەت كۆرىدىغان، ھاكىمنىڭ شاپائىتىگە جاۋاب قايتۇرىدىغان ۋاقتىم كەلدى، ئاڭلىسام بەزىلەر مېنى ھاكىم بىلەن تۇغقان كېلىدىكەن، يۆتكەپتۇ، دېيىشىپ يۈرگۈدەك، ئۇنداق چۈشەنسە تېخىمۇ ياخشى بول-غىنى! . . .

— قاسىمجان، نېمە دېدىڭىز، نېمىسى ياخشى بولغى-نى؟— خوتۇنى ئۇنى جەينىكى بىلەن نوقۇدى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئاۋازىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى.

— ئۇيقۇڭىزنى ئۇخلاڭ، نېمە تەڭ كېچىدە ئادەمگە گەپ قىلىپ يۈرىسىز، — ئۇ خوتۇنىغا كەينىنى قىلىپ ياتقان پېتى توڭ تەگدى، — ئەتە سەھەر تۇرۇپ چالا ئىش-كۈشلەرنى قىلمىساق بولمايدۇ.

— مەن سىزدىن ئەنسىرەپ قالدىم، — خوتۇنى ئاپ-ئاق، سۇزۇك قولى بىلەن ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ داۋام قىل-دى، — بۇ مېھمانخانىدا چىرايلىق قىزلار كۆپكەن، ئۇلار سىزنى ئازدۇرۇپ. . .

— بولدى ئۇخلاڭ، شۇمۇ گەپ بولدىمۇ، بىز ئۇزاق يىللىق قەدىناس ئەر - خوتۇنلار تۇرساق، ھەي. . . خوتۇن

كىشى دېگەننى، مەن نېمە ئويدا، سىز نېمە كويدا؟ — ئۇ ئويلىغانلىرىنى خوتۇنىغا قىسقىلا چۈشەندۈردى.

خوتۇنى ئاستا ـ ئاستا ئۇيقۇغا كەتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى: ھەي، بايا خوتۇنى دىققىتىنى بۆلمىگەن بولسا يەنە قانداق تاتلىق، شېرىن خىياللارنى سۈرگەن، گۈزەل پىلانلارنى تۈزگەن بولاتتى ـ ھە! . . . «ئارتىس ئۇچۇن ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىدىغانـ غا سەھنە كېرەك» دېگەن ھېكمەتنى ئۇ ئوبدان بىلىدۇ. شۇڭىمۇ ئۆزىگە لايىق «سەھنە» ئۈچۈن كۆپ رىيازەت چەكتى، يول ماڭدى، يېلىندى، ھەتتا قىسقا يوپكا كىيىدىغان، قىرقىما چاچ نازىنىنلار بىلەن تونۇشۇپ، سورۇنـ نى ئەۋجىگە چىقىرىشنىڭ ۋاستىسى قىلدى. گەرچە بىر سىنىپتا ئوقۇمىسىمۇ، ئىلگىرى ـ كېيىن بىر فاكۇلتېتتا ئوقۇغاننى، بىر ئۇستازنىڭ تەلىمىنى ئالغاننى باھانە قىـ لىپ، ھاكىمنىڭ پسىخىكىسىنى ئوبدان ئىگىلەپ، كۆڭلى تارتقاننى ھازىرلاپ ئاستا ـ ئاستا ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى. بىرقانچە قېتىم تۈرلۈك سەۋەبلەرنى تېپىپ ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. ئادەتتە بىر تىپىننىڭ ئۇستىدە تىك تۇرسىمۇ ھاكىمنى مېھمان قىلىشتا كارامەت سېخىي بولۇپ كەتتى. بۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە، يېزىدا، ئەل ـ جامائەت ئارىسىدا «قاسىمجان ھاكىم بىلەن يېقىن ساۋاقداشكەن» دېگەن گەپ تارقالدى. ئۇمۇ سورىغان كىشىلەرگە: «شۇنـ داق، ھاكىم بىلەن مەن بەش يىل بىر تۇغقاندەك ئۆتكەن، بىر يوتقاندا ياتقان، بىر قاچىدا تاماق يېگەن. . . » دەپ قويىاتتى. مۇشۇ خىل گەپ ـ سۆزلەر

تارقىلىپ، تەكرار سوۋغا ـ سالاملارنى توشۇپ، تۇرلۇك شەكىلدىكى بەزمە ـ سورۇنلارنى ھازىرلاپ، ئاخىر ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا يەتتى، تەستە ئىرىشكەن بۇ سەھنىدە ئۇ چوقۇم ياخشى رول ئالىدۇ، تۇرلۇك ئەمەلدارلار قاتلىمى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت باغلايدۇ. كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلارنى قىلىدۇ.

## 2

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم! — يېشى 50 لەردىن ئاشقان، سالۋا تەلپەك، كۆك خادانىدا پاختىلىق چاپان، يەرلىك موزدۇزلار كالا خۇرۇمىدا قوپال تىككەن ئۆتۈك كىيگەن، پېشانىسىنى يول ـ يول قورۇقلار قاپلىغان ئورا كۆز بىرى كىرىپ كەلدى.

قاسىمجان ئالدىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى:

— قېنى يۇقىرى ئۆتسىلە، — مېھمان جايلىشىۋالغاندىن كېيىن سورىدى، — مەندە بىرەر ئىشلىرى بارمىدى؟ سىلى ئۆزلىرى. . .

— ھە، مېنى تونۇيالماپلا ـ دە! مەن يېڭىيەر يېزىسىدىن كەلدىم. ئۆيۈم كۆلئىرىق كەنتىدە، ھاشىم قاسساپ دېسە، ھەممىسى بىلىدۇ.

— ھە توغرا، سىلىنىڭ بىر ئوغۇللىرى بىزدە ئوقۇۋاتىدۇ دەيمەن!

— شۇنداق، — مېھمان سەل ـ پەل مىدىرلاپ قويۇپ

سۆزىنى داۋام قىلدى،— ئەسلىرىدە باركەن. بىر قېتىم ئوغلۇم ياسىنجاننى بىرقانچىلىرى مەكتەپكە چاقىرغىلى كېلىشىپتىكەنلا، قېتىققا نان چىلاپ يەپ قايتقان. مانا ئەمدى تۆگە سويۇپ چاقىرسامۇ ئاپارغىلى بولمايدۇ. قا-سىمجان، سىلى ئالدىراش، كۆپ ۋاقىتلىرىنى ئالماي نەق گەپنىلا دەي، سىلى ھاكىم بىلەن يېقىن تۇغقان بولغاندى-كىن، ئاشۇ ياسىنجان بالامنىڭ تەقسىمات ئىشىغا يول مېڭىپ قويسىلا بوپتىكەن. سىلى بىلىلا، بىز دېھقان خەق كىرىدىغان يەرنىڭ ئىشىكىنى تاپالماي تەمتىرەپ يۈرىدىكەن-مىز. يا تۇزۇكرەك قاملاشتۇرۇپ تۆت ئېغىز گەپنى قىلال-مىغان. بالام مەن ناھىيىدە قالسام، يول ماڭساڭ، دەپ بېشىمنى ئاغرىتىۋاتىدۇ. ئويلاپ باقسام ئۇنىڭمۇ سۆزى توغرىكەن. مەن ئاتا - بوۋامدىن تارتىپ ئاشۇ سەھرادا ياشاپ كەپتىمەن. ئەمدىلىكتە ئۇ بولسىمۇ شەھەردە راھەت كۆرسە.

— ھە، مۇنداق گەپتى دېسىلە،— قاسىمجان مېھمانغا چاي قۇيۇۋېتىپ ئېيتتى،— سىلى بىلىلا، ھازىر ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەن بالىلارنىڭ ھەممىسى ناھىيە ئىچىدە قال-ساق دەيدىكەن. بۇ بەك تەسلىشىپ كەتتى. دېمىسىمۇ ئوقۇش پۈتكۈزۈپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى بۇ كىچىككى-نە ناھىيە قانداقمۇ سىغدۇرۇپ بولالايدۇ دەيلا. شۇنداقتىمۇ سىلىنىڭ ئىشلىرى ئۆزۈمنىڭ ئىشى. ياسىنجان ئۆزىمىز-نىڭ ئوقۇغۇچىسى، شۇڭا مەن كۇچۇمنىڭ يېتىشىچە مې-ڭىپ باقاي.

— رەھمەت، قاسىمجان، بۇ گەپلىرىدىن خاتىرجەم

بولدۇم، بۇ ياخشىلىقلىرى بىزدىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار، — مېھمان دۇئا قىلغاندىن كېيىن، قويۇن يانچۇقىدىن ئىككى كونۋېرتنى ئېلىپ داستىخان ئۈستىگەقويدى. — بۇ ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىز، بىرىنى ھاكىمغا بىرەلا، بىرىنى ئۆزلىرى. . .

— ھەي ھاشىمكا، سىلى بىلمەيلا، بۇنىڭ بىرىنى ھاكىمغا، بىرىنى كادىرلار ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا سۇڭگۇتمىسەم ئىش پۈتمەيدۇ. مەن سىلىدىن بىرنەرسە ئالمىسامۇ، ئىشلىرىنى ھەل قىلىپ بېرەلىسەم شۇنىڭدىن خۇشال بولىمەن. خەۋىرىنى شەھەرگە كىرگەندە ئۇقالا.

قاسىمجان مېھماننى ئۇزىتىپ قويدى - دە، ئۆيگە كىرىپ كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، ھەربىرىنىڭ ئىچىدىن 1000 يۈەندىن 2000 يۈەن چىقتى.

قاسىمجان ناھىيىلىك مېھمانخانىغا يۆتكىلىپ كەلگەن قىسقىغىنا بەش يىلدىن بېرى ئۆزىنى ئوبدانلا رۇسلىۋالدى: بەش پۈڭ يەرگە ئازادە قورۇ - جاي سېلىپ كۆچۈپ چىقتى. ھاكىم بىلەن «تۇغقان» بولغاچقا ئەتە - ئاخشاملىرى ئۆيگە سومكا، تاغار، كونۋېرت. . . كۆتۈرۈپ كېلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. بۇ ئىشلارنىڭ تولىسىنى ئۇ كۆڭۈلدىكىدەك بېجىرىپ، بىرنەرسە كۆتۈرۈپ كەلگەنلەرنى خۇشال قىلسا، ئۆزىنىڭ يانچۇقىنىمۇ ئوبدانلا توملىۋالاتتى. ئىش ئوڭغا تارتسا ھەممە ئىش ئۆزلۈكىدىن يۈرۈشۈپ كېتىدىكەن ئەمەسمۇ، ھاكىمنىڭ ئويۇنچى، تازسىغا ئامراقلىقى بىلەن قول ئاستىدىكى قىزلارنىڭ تانىسىغا ئۈستىلىقىنىڭ قاملاشقىنىنى قارىمامدىغان؟. . .

هازىر «قاسىمجان» دېگەن بۇ مۇبارەك ئىسىمنى ناھە-يىدە چوڭ - كىچىك ھەممىسى خۇددى «جياجياگەي» دو-رىسىنى بىلگەندەكلا بىلىدىغان بولۇپ كەتتى، بولۇپمۇ ئۇ-نىڭ ئاستىن - ئۈستۈن سېلىنغان تۆت دانە ئالتۇن چىشى گەپ قىلغاندا، ياسالمىلىق بىلەن كۈلگەندە، هاراق سو-رۇنلىرىدا قاپىيە كەلتۈرۈپ ۋەز ئېيتقاندا، باشقىلاردىن سوۋغات ئالغان چاغدا ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا ھىجايغاندا. . . كىشىنىڭ دىققىتىنى ئالاھىدە تارتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، يېقىندىن بېرى بەزىلەر ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتىماي «ئالتۇن چىش» دەيدىغان بولدى. بۇ كىچىككىنە نا-ھىيىدە ئۇ گويا يۇقىرالار بىلەن ئەمەلدارلار ئوتتۇرىسىدىكى خاسىيەتلىك كۆۋرۈك؛ ھاجەتمەنلەر ئۈچۈن ئەمەلدارلارنىڭ كۆڭۈل ساندۇقىنى ئاچىدىغان ئالتۇن ئاچقۇچ بولۇپ قال-دى. ھەممە ئادەم ئۇنى ئىزدەيتتى. ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلى-شىشنى خالايتتى، ئۇنى تورلۇك چوڭ - كىچىك سورۇنلار-غا چاقىرىپ ئۆزلىرىنىڭ تەلەپ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇ-رۇشتا مەسلىھەت ئالاتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە ھازىر كۈنىگە قانچە ئادەم كىرىدۇ، قانداق نەرسىلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ، بۇلارنى ئۇ ئۆزىمۇ ئېنىق بىلمەيتتى. دانىشمەنلەرنىڭ «ئا-مەت كەلسە ئىشىك - تۈڭلۈكنى ئېتىۋالساڭمۇ كى-رىدۇ» دېگەن سۆزى راست ئوخشايدۇ.

3

چاچلىرىنى سېرىق بوياپ بۇدۇر قىلىپ كۆپتۈرۈۋال-

غان، بۇلاقتەك كۆزلىرى ئويناپ ، قاڭشارلىق، نىپىز لەۋلىرىدىن تەبەسسۇم تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، قۇلىقىنىڭ ئاستى تەرىپىگە ئۈچ قەۋەت ئايسۆكە، ئۈستى تەرىپىگە بانان شەكىللىك مونچاق ئاسقان؛ ئوڭ قولىنىڭ تۆت بارمىقىغا تىللا ئۈزۈك، سول قولىنىڭ تۆت بارمىقىغا كۆزنى چاقنىتىپ تۇرىدىغان ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك سالغان؛ قاشتېشىدەك سۇزۇك، ئۈزۈن بويىنىغا بۇغداي نۇسخىلىق ئالتۇن زەنجىردىن ئۈچ تالنى قاتىرىسىغا ئېسىۋالغان، ئىككى بىلىكىگە يېشىل ياقۇت كۆز قويۇلغان ئالتۇن بىلەزۈك تاقىغان بۇ چوكان قاسىمجاننىڭ سۆيۈملۈك خوتۇنى پەيزىگۈل ئىدى. پەيزىگۈلنىڭ يۇقىرىقى تۇرقىنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم بىرەر كاتتا سودىگەرنىڭ خانىمى ئوخشايدۇ دەپ قالاتتى. ئۇنىڭ چىرايى، چاچ پاسونى، قىگۇرىسى، گەپ ـ سۆزلىرى، ھەرىكەتلىرى. . . پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن، تۇغ ـ رىسى روھىي دۇنياسى، ئادەملەرگە، جەمئىيەتكە، شەيئىلەرگە، كىشىلىك ھاياتقا. . . تۇتقان پوزىتسىيىسى، قاراشلىرى، مۇئامىلىسى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن ئىدى. يېڭىدىن يېزىسىدىكى تۇز، ساددا، ئاق كۆڭۈل مىجەزىنى ئويلىسا، ئۆزىنى «ئۆتۈپ كەتكەن ئەخمەق ئىكەنمەن» دەپ ئەيىبلەپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ قوياتتى؛ شۇ چاغلاردىكى تۇرقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە نومۇستىن يۈزلىرى ئوت ئالاتتى. . .

پەيزىگۈل بۈگۈنمۇ يەنە يالغۇز قالدى، يالغۇزلۇق ئۇنىڭ جېنىغا تەگدى. قاسىمجانغا بىرنەرسە دەي دېسە يۈزى چىدىمايدۇ. چۈنكى، قاسىمجاننىڭ بوش ۋاقتى 4 — 5

ئەخمەق بىلەن پارچە هاراقنى بولۇشچە ئىچىپ، ئالىتاغىل تووۋلىشىپ ئۆتمەيدۇ، بەلكى ئاشۇ بىر بۆلۈك كاتتىلارنىڭ كۆڭلىنى ئىچىش بىلەن ئۆتىدۇ. باشقىلار ئاشۇ شۇجى، هاكىملار بىلەن يېقىنلىشىشنى تەمە قىلىپمۇ يېقىنلىشالـ-مايۋاتقان يەردە، ئۇ قاقداقمۇ ئىرىنى ئۇلار بىلەن ئاربلاشـ-ماڭ، كەچتە ئۆيدە ماڭا هەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇڭ دېيەلـ-سۇن؟ . . . ئۇنىڭ ئۇستىگە قاسىمجان بىكارغا يول ماڭمـ-دىغان، باشقىلارغا خالىس، دوستانە چاي قۇيۇپ زىياپەت بېرىدىغانلاردىن ئەمەس، ئۇ هەربىر قەدەمنى مەقسەتلىك، پىلانلىق باسىدۇ. 2 — 3 مىڭ يۈەننى ئۇندۇرۇشكە كۆزى يەتمىسە هەرگىزمۇ 7 — 8 يۈز يۈەنلىك داستىخان هازىر-لىمايدۇ. ئاشۇ كاتتىلار بىلەن هەر قېتىم هەمداستىخان بولۇپ، تانىسچى قىزلارغا غاز بويۇن رومكىلارنى تۇتقۇز-غاندا بىرەر ئىشنى بىر ياقلىق قىلىدۇ. بولمىسا ئۇ بۇگۈن-كىدەك سەككىز ئىغىزلىق، زامانغا لايىق سەرەمجانلاشتۇ-رۇلغان هەشەمەتلىك ئۆيدە راهەت كۆرۈپ ئولتۇرالمىغان، ئاياللار ئارىسىدا يۇقىرى هۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەن بولاتتى. ئۇ هازىر هەرقانداق توي- تۆكۈن، نەزىر- چىراغلاردا ئالا-هىدە هۆرمەت بىلەن تۆرگە باشلىنىدۇ، باشقا ئاياللار ئۇ-نىڭغا هەۋەس بىلەن قارىشىدۇ، يېقىنلىشىشنى، دوست بولۇشنى تەمە قىلىشىدۇ. هەتتا هەسەت قىلغانلىرىمۇ دەر-دىنى ئىچىدە بىلىپ، چىرايىغا خۇددى باهار ئاپتىپىدەك كۈلكە يۈگۈرتۈپ سالام قىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيىدە هازىر توخۇ سۈتىدىن باشقا هەممە نەرسە تېپىلىدۇ. ئۇ بۇرۇن بۇنداق بەختكە ئېرىشىشنى ئويلاشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايتـ-

تى. ئۇ بۇلارنى ئويلىسا ئېرى بىلەن كەمدىن - كەم سىردىشىدىغانلىقىنى، ئېرىنىڭ كۆپ ھاللاردا تەڭ كېچە-لەردە چالا مەست دەلدەڭشىپ كېلىپ خۇددى چالا بوغۇز-لانغان كالىدەك سەت خارقىراپ خورەككە چۈشۈپ كېتىدى-غانلىقىنى كەچۈرىدۇ.

پەيزىگۈل تېلېۋىزورنىڭ ھەممە قاناللىرىنى يۆتكەپ چىقتى، شۇنداقتىمۇ بىرەر قانالدىكى فىلىم ئۇنىڭ دىققى-تىنى تارتالمىدى. بىردىن ئۇنىڭ يەنە يېقىندىن بېرىقى «كېسىلى» قوزغالدى - دە، سۆيۈملۈك ئادىمى ئەركىن بودەكنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى باستى. ھايال ئۆتمەيلا تېلې-فوندىن جاۋاب قايتۇرۇلدى. ئۇ تۇرۇپكىنى قويۇپ، خۇددى كىچىك بالىلاردەك سەكرەپ، قايسىدۇر بىر ئاھاڭغا ناخشا ئېيتقىنىچە گىرىم ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ياسىنىپ تېلېفوندا ۋەدىلەشكەن جايغا قاراپ چاپتى.

پەيزىگۈل يېرىم يىلنىڭ ئالدىدا بىر قېتىملىق تانسىدا ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئەركىن كېرىم بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئەركىن كېرىم ئۆز يېشىغا ماس كەلمىگەن ھالدا سەمرىپ كەتكەن، يۈزى دوغىلاق، كۆزى خۇددى تەرخەمەكنىڭ ئۇرۇقىدەك كىچىك، بۇرنى بىلەن قاڭشىرىنى ئاسانلىقچە پەرق قىلغىلى بولمايدىغان ئادەم ئىدى. ئادەتتە كىشىلەر ئۇنى «ئەركىن بودەك» دەپ ئاتى-شاتتى. ئۇلار باشتا تارتىنىشتى، ئېھتىيات قىلىشتى، كېيىنچە بولسا بەكلا چىقىشىپ كەتتى. پەيزىگۈلمۇ ئۇنىڭغا بۇنچىلىك ئامراق بولۇپ كەتكىنىگە ھەيران ئىدى. بۇنىڭ-دىن ئۆزىنىڭ تېخى قېرىمىغانلىقىنى، قەلبىدىكى سۆيگۈ-مۇھەببەتنىڭ تېخى ئۆلمىگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

بۇگۇنمۇ ئۇلار ئادىتى بويىچە ئەركىن بودەكنىڭ كىـ
چىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ شەھەر سىرتىدىكى ھېلىقى
تونۇش دەريا بويىغا كەلدى. ماشىنىنى بىر چەتتە توختىـ
تىپ خۇددى ھازىرلا بىر ـ بىرىنىڭ كۆزىگە چۆكۈپ كېتىـ
دىغاندەك تويماي قاراشتى، ئارقىدىن بىر ـ بىرىگە تىنىق
بەرمەي سۆيۈشتى.

— سۆيۈملۈكۈم، مەن سىزنى راستتىنلا ياخشى كۆ.
رۈپ قالدىم، ئىشىنەمسىز؟— ئەركىن بودەكنىڭ يىرىك
چاچلىرىنى سىلاپ، ئۆزىگە تېخىمۇ چىڭ تارتىپ سۆزىنى
داۋام قىلدى پەيزىگۈل،— ئەگەر شۇ تاپتا سىز ئۇچۇن
ئۆلۈشكە توغرا كەلسە، مۇھەببىتىمىزنى دەپ ھازىرلا ئالـ
دىڭىزدا ئۆلۈشكە رازىمەن...

— مەنمۇ شۇ، جېنىم ئومىقىم، پەيزىگۈلۈم...
نېمىشقىمۇ تەقدىر بىزنى بۇرۇنراق ئۇچراشتۇرمىغان بولـ
غىيدى، بىلەمسىز، ياخشى كۆرۈشنىڭ نېمىلىكىنى ئەمدى
ھېس قىلىۋاتىمەن، جېنىم...

ئەركىن بودەك سۆزلىگەچ پەيزىگۈلنىڭ كۆڭلىكىنىڭ
ئىچىگە قولىنى تىقىپ، تولغان، ئوتتەك قىزىق، كىشىنى
بىھوش قىلىدىغان كۆكسىنى سىلىدى... يەنە بىر قولى
بولسا ئۇنىڭ يوپكىسىنىڭ ئاستىدا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىـ
دى. ئۇلار بىرھازا قول، ئېغىزلىرىدا ھەرىكەت قىلىشقاند
دىن كېيىن ماشىنىنىڭ كەينى ئورۇندىقىغا يىقىلىشتى.

## 4

ئەمەت بوۋاي خۇددى قوقاسىنىڭ ئۈستىگە دەسسىۋالـ

غاندەك تۇرالمايلا كەتتى. بېشى قېيىپ، نۇرى قاچقان كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ئوغلىنىڭ دۇرۇس ئادەملىكىگە، پۇقرانىڭ بېشىنى سىلاپ دەردىگە دەرمان بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ھەر قېتىم ئوغلى ئۆيگە كەلگەندە بۇ ھەقتە ئۇزاقتىن - ئۇزاق نەسىھەت قىلاتتى. «مېنىڭ ئوغلۇم پاك ئەمەلدار، ھەرگىزمۇ ئەل - جامائەت ئارىسىدا يۈزۈمنى چۈشۈرمەيدۇ» دەپ پەخىرلىنىپ يۈرەتتى. لېكىن، ئاشخانىدا بولغان بايىقى گەپ - سۆزلەر ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، ئۈمىد، ئىشەنچىسىگە شەك كەلتۈردى. خۇددى بىرسى: «ھاكىمنىڭ، ئاشۇ پارىخور، تويماس ھاكىمنىڭ دادىسى مۇشۇ . . .» دەپ ئۇنىڭغا بىرنېمە دەيدىغاندەك بېشىنى تۆۋەن سالغان پېتى يېرىم قاچا لەڭمەننىمۇ تۈگىتىپ يېمەيلا ئاچچىق يۈتۈپ قايتىپ چىقتى. شۇ تاپتا ئۇ ئېشىكىنى مېڭىشىغا قويۇپ بېرىپ ئاشخانىدىكى پاراڭنى يەنە ئەلەم بىلەن كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

— مەي شەنجاڭنى خېلى پاك ئەمەلدار دەپ يۈرەتتۇق، لېكىن ھازىر ئۇمۇ گېلىنى قويۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ؟— شاپ بۇرۇت، تاقىرباش، سېرىق چىراي، چېقىر كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان 40 ياشلاردىن ئاشقان بىرى قولىدىكى چاينى ئوتلاۋېتىپ ئۇدۇلدىكى بىرىگە شۇنداق دەۋاتاتتى.

— ھەي. . . پاك ئەمەلدار ھازىر نەدە قالدى دەيسىلەر، ھەممىسى بەس - بەستە «كۆچۈك يەتسە ئالساڭچۇ» بولۇشۇۋاتىدۇ. ئاڭلىسام، قاسىمجان «ئالتۇن چىش» مەخسۇس ھاكىمنىڭ سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىدىكەن، قاراڭ ئۇنىڭ ئۇستاتلىقىنى. . .

— بىزنىڭ بىر قوشنىمىز كۆرسەتكۈچى يوق مەكتەپ-تە ئوقۇغان قىزىنى ئورۇنلاشۇرۇش ئۈچۈن ئاشۇ قاسىم-جان ئالتۇن چىشقا 5000 يۈەن بېرىپتىكەن. ئۇ، پۇللارنى ھاكىمغا سۇڭگۇتۇپ، ھازىر رەسمىيىتىنى بېجىرىپ بول-دى، دەيدۇ.

ياندىكى ئۈستەلدە ئولتۇرغان بىرى شۇنداق دېگەچ، باشتىكى پاراڭ قىلغانلارنىڭ يېنىغا سۇرۇلدى.

— ئالتۇن چىش ھاكىمنىڭ نېمىسىكەن؟— موما يەپ ئولتۇرغان يەنە بىرى سورىدى.

— ساۋاقداش دەمدۇ، تۇغقان دەمدۇ، ئىش قىلىپ يېقىنىمىش، شۇڭا ئۇنى ناھىيىلىك مېھمان كۈتۈشنىڭ باشلىقى قىلىپ يۆتكەپ كەتكەن گەپ،— باشتا ئېغىز ئاچ-قان چېقىر كۆز شۇنداق دېدى.

— ھەي، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ھاكىمنىڭ ئىشىكى-نى تاپالماي يۈرۈپتىمەن ئەمەسمۇ؟ ئىشلىرىمنى ئەمدى ئاشۇ ئالتۇن چىش ئارقىلىق ھەل قىلسام بولغۇدەك،— دېدى ھېلىقى موما يەپ ئولتۇرغان يىگىت.

ئەمەت بوۋاي پاراڭنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلاشقا تاقەت قى-لالمىدى - دە، ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەمەت بوۋاينىڭ جامبۇل ئىشىكى خوجايىنىغا ھەمدەم-دە بولغاندەك پۇشۇلداپ، ئېغىر قەدەملىرى بىلەن ھارۋىنى سۆرەپ ماڭماقتا. بوۋاينىڭ قورۇق چۈشكەن قاپاقلىرى سېلىنغان، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن بولۇپ، نۇرسىز كۆزلى-رىدە نارازىلىق، غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقنىماقتا ئىدى: ھەي. . . ئوغلۇم راستتىنلا ئازغانمىدۇ؟ ئۇ پۇقرانىڭ يە-

لىكىنى شورىماي ئەر - خوتۇن ئىككىسىنىڭ مائاشىنى خەجلىسىمۇ يېتىپ ئاشاتتى ئەمەسمۇ؟ . . . ھە راست، «قاسىمجان ئالتۇن چىش» دېگەن كىمدۇ زادى؟ بىزنىڭ ئۇنداق تۇغانقانلىرىمىز يوقتىغۇ. . . ياق، ئوغلۇم ئۇنداق ئەمەلدار ئەمەس! لېكىن، بايىقى گەپ - سۆزلەر نەدىن كەلدى؟ «تامىنىڭمۇ كۆز - قۇلىقى بار» دېگەندەك، بۇ گەپلەر راستىمىدۇ - يا! . . . توختا، مەنمۇ بىر سىناپ باقاي. شۇ چاغدا ھەممە ئىش ئاشكارىلىنىدۇ.

بوۋاي كۆڭلىگە پۈككەن پىلانىدىن سۆيۈندى بولغاي، چىرايىغا بىلىنەر بىلىنمەس كۈلكە يۈگۈرتكىنىچە، ئېشىد- كىگە قامچا سالدى.

## 5

قاسىمجان ئۆزىنى ناھىيە مەركىزىدىن 100 نەچچە كىلومېتىر يىراققا جايلاشقان تاغلىق يېزا — كەڭسايدا كۆردى. بۇ ئىش خۇددى كۆك ئاسماندا ئۇچۇۋېتىپ، تۇ- يۇقسىز قانات - قۇيرۇقلىرى سۇنۇپ چوڭقۇر ھاڭغا چۈ- شۈپ كەتكەندەك، ئۇنىڭغا قاتتىق ئەلەم بولدى. ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي قاراڭغۇلۇق ئارىسىدا قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۈستى قار - مۇزلار بىلەن ئورالغان ئېگىز - پەس تاغلار، پەستىكى دەريادا ئېقىۋاتقان قار - مۇزلار ئارىلاشقان سۇلار؛ چىرايلىرى تاغنىڭ جۇدۇنلىرىدا چاك - چاك يېرىلغان تاغ كىشىلىرى. . . ھەممىسى ئۇنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك شۇنداق يېقىمسىز، سوغۇق بىلىندى. ناھىيىلىك مېھمان-

خانىنىڭ دىرېكتورى بولغان چاغلاردىكى گۈزەل، رەڭگا-رەڭ تۇرمۇش، ئاجايىپ لەززەتلىك تانسا - بەزمىلەر، كىشىلەرنىڭ چىرايىدىغا زوردىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ سالام قىلىشلىرى. . . گويا ئۇنتۇلۇپ كېتەي دەپ قالغان غۇۋا چۈشتەك ئەسلىمىگە ئايلاندى. دېرىزىلەردىكى ئەينەك ئىسلىشىپ قۇياش نۇرىمۇ چۈشەلمەيدىغان ھالغا كەلگەن، تېمىنىڭ سۇۋاقلىرى ئاجراپ چۈشكەن، بىر كىشىلىكتىن ئىككى ياغاچ كارىۋات قويۇلغان چاققانغىنە بۇ ياتاقتا ئۇ گېزىت قەغىزىگە ئورالغان ئاچچىق تاماكىسىنى شوراپ ئولتۇرىدۇ. ياتاق ئىچى چويۇن مەشكە سېلىنغان تېزەك، چاكاندىنىڭ پۇرىقى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، دىماغنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇ ئوتى ئۆچەي دەپ قالغان مەشكە تۆگە مايىقىنى تۆكۈپ، تېگىنى كوچىلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ھەي، مۇشۇنداق چاغدا ئۇنىڭ يېنىدا سۆيۈملۈك خوتۇنى بولسىچۇ كاشكى! . . . ئۇ يېقىنقى 5— 6 يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم خوتۇنىنى سېغىندى. خوتۇنى سۇۋۇنىپ، ناز بىلەن كۆكرىكىگە بېشىنى قويغاندا، پەرۋامۇ قىلماي ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ ياتقانلىرىنى ئويلاپ قاتتىق ئۆكۈندى. مانا ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزى بىرقانچە يىلدىن بېرى تازا قاملاشتۇرۇپ رول ئېلىۋاتقان سەھنىدىن، نەچچە يىللىق قەدىناس ئايالىدىن ئايرىلدى؛ ئازاب ئىچىدە ئاخىرقى قېتىم ھاكىم ئىشخانىسىغا چاقىرىلغان مىنۇتلارنى ئېسىگە ئالدى:

— ھە، كېلىڭ، قاسىمجان، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟— ھاكىم ئۇنى ئىللىق قارشى ئالدى.

— ئۆزلىرىنىڭ سايىسىدا ياخشى تۇرۇۋاتىمىز، ھا-كىم، بىرەر تاپشۇرۇقلىرى بارمىكىن؟ — ئۇ تۆت تال ئالتۇن چىشىنى تولۇق چىقارغىنىچە چىرايىغا خۇددى باھار ئاپتىپىدەك كۈلكە يۈگۈرتۈپ، قول باغلاپ ئېگىلدى.

— كۆكتېرەك يېزىسىدىكى ئەمەت بوۋايغا ئوغلىنى ناھىيىگە يۆتكەپ قويۇش ھەققىدە ۋەدە بېرىپتىكەنسىز، قانداق بولدى؟ — ھاكىم سوئال نەزىرىدە تىكىلىپ سورىدى.

— ھاكىم، بۇ ئىش، — ئۇ ھاكىمنىڭ يېنىغىراق سۈرۈلدى، — ھەي، ئۇ تەرسا بوۋاي سىلىنىمۇ ئىزدەپ كەپتۇ-دە، مەن بىر پۇرسەتلىرى چىققاندا سىلىگە ئىلتى-ماس سۇناي دەپ ئويلىغانتىم، ئۇ كىشى مەن بىلەن ئانا تەرەپ تۇغقان بولىدۇ. ئوغلىنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۆيگە تولا كېلىپ بېشىمنى بەك ئاغرىتىۋەتتى قارىسىلا، ئاخىر مەن ھاكىمغا بىر دەپ باقاي دەپ يولغا سېلىۋەتكەنتىم، مۇمكىن بولسا...

— بولدى ئويۇنىڭىزنى توختىتىڭ، قانداق قاملاشمى-غان ئادەمسىز! — ھاكىمنىڭ تۇيۇقسىز ۋارقىرىشىدىن ئۇ-نىڭ زۇۋانى تۇتۇلدى. ھاكىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، بىر تال تاماكىنى تۇتاشتۇرۇپ، كۈچەپ - كۈچەپ شورىغى-نىچە داۋام قىلدى، — مەن سىزنى خېلى دۇرۇس ئادەم دەپ يۈرۈپتىكەنمەن، ئەمدى بىلسەم ئۆتۈپ كەتكەن ساختىپەز نېمىكەنسەن. ئەمەت بوۋاينىڭ ئوغلى مەن بولىمەن، مېنى نەگە يۆتكىمەكچىدىڭ؟...

ھاكىمنىڭ پېشانىسىنى يول - يول قورۇقلار قاپلىغان

بولۇپ كالپۇكلىرى غەزەپتىن تىترەيتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن قاسىمجاننىڭ پۈتۈن بەدىنى خۇددى بەزگەك كېسىلى تۇتقان ئادەمدەك تىترەشكە باشلىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈشكىمۇ جۈرئەت قىلالماستىن دۇدۇقلىدى:

— ھا. . . كىم. . . بۇ. . . بۇ. . .

— سېنىڭ ئۇستۇڭدىكى گەپ - سۆزلەر ئاز ئەمەس، ئاداش. ھە دېسە «مەن ھاكىم بىلەن بىر تۇغقان» دەپ يۈرۈپ باشقىلاردىن پارا ئاپسەن، ھازىرغىچىلىك قانچىلىك پارا ئالدىڭ، ھەممىسىنى رېۋىزىيە ئىدارىسىگە مەلۇم قىل! بولدى چىق، سەندەك نېمىنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن! . . .

ھاكىم دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئەلەمدىن چوڭقۇر نەپەس ئالدى. ئۇ ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىدىن قانداق چىقتى، رېۋىزىيە ئىدارىسىگە باردىمۇ- بارمىدىمۇ؟ ھازىرغىچە ئەسلىيەلمەيدۇ. ھېلىمۇ خۇداغا شۈكرى، كوچىدا بىرەر ماشىنىغا سوقۇلۇپ كەتمەي ئۆيىگە كېلەلەپتۇ.

«ھەي ئىسىت! — ھەسرەت چەكتى ئۇ خىيالىنى يىغىپ، ئىسلىشىپ كەتكەن تورۇسقا قاراپ، — ئەمەت بوۋاينىڭ ھاكىمنىڭ دادىسى ئىكەنلىكىنى كىممۇ خىيالىغا كەلتۈرسۇن؟ تېخى ئۇنىڭغا: مەن ھاكىم بىلەن يېقىن تۇغقان، شۇنداقتىمۇ ئازراق بىرنەرسە سۇڭگۇتمىسام ئىش پۈتمەيدۇ دەپ، 2000 يۈەننى ئالغىنىمنى قارىمامدىغان؟ ھەي. . . قارا باستى دېگەن شۇ ئوخشايدۇ. خۇددى يولۋاسنى بىلمىگەن كىچىك بالا ئۇنىڭ بىلەن ئويناشقاندەك ئىش قىپتىمەن ئەمەسمۇ! . . . » تاماكا، تۆگەمايىقى، چاكاندا. . .

ئىسلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەن ياتاقتا ئۇنىڭ دېمى سىقىل-
دى بولغاي، ئاستا سىرتقا چىقتى. سىرتتا قار يېغىۋاتات-
تى، كۆز ئالدىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېگىز - پەس تاغ
چوققىلىرى خۇددى بىرەر كىم ئاق شايى بىلەن يۆگەپ
قويغاندەك تىنچ ياتاتتى. ئۇ پەسكە قارىدى، دەريادا قار -
مۇز ئارىلاش سۇ بىر خىل رىتىمدا ۋاشىلداپ ئېقىۋاتاتتى.
ئەمدىلىكتە قار ئۇنىڭ ئۇستىۋېشى، قاش - كىرپىكلىرى،
بۇرۇتلىرىغىچە قونۇشقا باشلىدى. ئۇ يىراقلارغا قاراپ پى-
چىرلىدى: پاك، خاسىيەتلىك قار، داۋاملىق ياغقىن! —
يۈرىكىمگىلا ياغ! . . . قەلبىم سەن بىلەن پاك-پاكىز يۇيۇل-
سا، ۋۇجۇدۇم سەگىدىسە قانداق ياخشى - ھە! . . . مەن
يېڭىيەرگە — ئاشۇ سەھرادىكى بىردىنبىر كاتتا بىلىم بۇلد-
قى بولغان مەكتەپكە قايتسام. . . پەيزىگۇلچۇ؟ ھەي. . .
ئائىلىمىزنىڭ ۋەيران بولۇشىغا، ئۇنىڭ مېنى تاشلاپ كې-
تىشىگە پۈتۈنلەي ئۆزۈم سەۋەبچى. . . پاكىز قار، ئۇدۇل
يۈرىكىمگىلا ياغ. . .

2000 - يىل 3 - ئاي، بېيجىڭ

# ئۆكۈنۈش

بۈگۈن ئامىتىم كەلدى، شۇڭا، خۇدانىڭ بەرگىنىگە شۈكۈر قىلىپ، دۇكاننى بالدۇرلا تاقاپ ئۆيگە ماڭدىم. چۈنكى، ئادەتتىكى ۋاقىتتا بىر ھەپتىدە بولىدىغان سودا بۈگۈن بىر كۈندە بولغانىدى. ھەممە كىشىنىڭ خۇشاللىقى-نىڭ سەۋەبى ئۆزگىچە بولىدۇ: يازغۇچىلار ياخشى چىققان ئەسىرىدىن خۇشال، كەپتەرۋاز سۈزۈك ئاسماندا موللاق ئېتىپ پەرۋاز قىلىۋاتقان كەپتىرىدىن خۇشال بولىدۇ؛ دېھقانلار سالا ئېتىزلاردىكى قاردەك ئاپئاق ئېچىلغان پاخ-تىلىرىغا قاراپ خۇشال بولىدۇ؛ ئاياللار يارىشىملىق كى-يىم كىيسە خۇشال بولىدۇ... لېكىن، بىزدەك سودى-گەرنىڭ خۇشاللىقى ئەلۋەتتە پايدا بىلەن، ھەي.. پايدا بولسا ئادەمنىڭ جېنى بۆلەكچىلا يايراپ، روھى كۆتۈرۈ-لۈپ، كۆڭلى خۇددى 18 ياشلىق يىگىتنىڭ چاپچىپ تۇر-غان كۆڭلىدەك كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىكەن، كۆزۈمگە ھەممە نەرسە ئىللىق، ئۇچرىغانلىكى ئادەم سۆيۈملۈك بىلىنىدۇ. ئىسست، ئاشۇ بىرقانچە يىلدىن بېرى زاۋۇت باشلىقىنىڭ كۆزىگە خۇشامەت نەزىرىدە قاراپ ئۆتكەن كۈنلىرىم، تېخى ئۇنىڭ زاۋۇت ئانىسىدىن مىراس قالغان شەخسىي مۈلكى-

دەك ھەدېسىلا كىشىگە پوپوزا قىلىپ: «ئىشلىسەڭ توزۇك ئىشلە، بولمىسا ئورۇن تاپ!» دەپ چالۋاقاپ، ئادەمنىڭ جېنىدىن ئۆتىدىغان تېتىقسىز گەپلەرنى دەپ كېتىشلىرى-چۇ؟ . . . باشتا ئىش ئورنۇمدىن ئايرىلىپ قالغاندا، بىر كېچە كىرپىك قاقماي، ئازابلىق خىيال سورۇپ چىققىنىم-نى ئويلىسام كۆلگۈم كېلىدۇ، مانا ئەمدى زاۋۇت باشلىقى-غا رەھمەت ئېيتسام بولغۇدەك، ئىنساننىڭ يولى كەڭرى، رىزقى كۆپ بولىدىكەن، مانا ئىككى يىلدىن بېرى پۈتۈن كۈچۈمنى، زېھنىمنى ئىشقا سېلىپ 30 — 40 مىڭ يۈەننىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدىم.

— كەلدىڭىزمۇ، بۈگۈن بالدۇرلا يېپىندىپ كەپسىزغۇ؟— خىيال بىلەن ئۆيگە كەلگىنىمنىمۇ تۇيماي قاپتىمەن. ئايالىمنىڭ سۆزىدىن ئېسىمگە كەلدىم.

— بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىم، شۇڭا بالدۇرلا دۇ-كاننى تاقىدىم، —ناۋات رەڭ سوكنىدا تىكىلگەن كاستۇم-يوپكا كىيىپ، ئەينەك ئالدىدا ئۇستۇپشىنى تۈزەشتۈرۈپ تۇرغان ئايالىمغا قاراپ تۇرۇپلا قالدىم، — بۇ نېمە كىيىم؟

— بۇنى دەمسىز؟—ئايالىم بۇلاقتەك چىرايلىق كۆز-لىرىنى، ھىلال ئايدەك ئەگمە قاشلىرىنى ئوينىتىپ ناز بىلەن يېنىمغا كەلدى، — سىزگە ئارىساي يېزىسىدا ئانام-نىڭ بىر سىڭلىسى بار، بىر ئىزدىسەك بولاتتى دېگەنتىم-غۇ، سىز مانا، ھېلى دەپ زادىلا ۋاقىت چىقىرالمىدىڭىز، بۈگۈن ئاتايىن ئۆزى مېنى يوقلاپ بۇ كىيىمنى ئېلىپ كەپتۇ، ھەي، قاراڭ، شۇغىنىسى بۇ كىيىمنى قايسى نا-ئىنساپتىن ئالدىكىن، 320 يۈەنگە ئالدىم دەيدۇ. سىز

بۇنداق كىيىملەرنى ئەڭ قىممەت بولسا 150 يۈەنگە ساتاتتىڭىز، شۇنداقمۇ؟...

ئايالىمنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىرەمدىغان، خۇددى يالاڭ ئاياغ قوقاسقا دەسسىۋالغان ئادەمدەك بىئاراملىق ھېس قىلماقتا ئىدىم. ھەي، ماۋۇ ئىشنى قارىمامدىغان، ئەسلى ئاشۇ ئايال ئىكەن ـ دە! كۆز ئالدىمدىن سودا بولۇۋاتقان مەنزىرە بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى:

— بالام، ئاۋۇ ناۋات رەڭ كىيىمنى ئالسىلا، كۆرۈپ باقاي،— مەن كىيىمنى ئېلىپ پەشتاختىغا قويدۇم، ئايال ئۇنى تەپسىلىي كۆردى. بەلكىم ياردى بولغاي، قورۇق باسقان چىرايىدا رازىمەنلىك تۇيغۇسى جىلۋىلەندى. ئىچىمدە «بۇ ئايال چوقۇم سېتىۋالىدىغان بولدى» دەپ جەزملەشتۈردۈم.

— قانچە پۇل سورايمىز، بالام.

—500يۈەن، ئوبدان قاراپ باقسىلا، جىڭ مال، — دېدىممەن ئۇنى قىزىقتۇرۇپ.

— ۋاي ئانامەي، نېمانچە قىممەت.

— قېنى ئۆزلىرىمۇ بىرنەرسە دەپ باقمامىلا، ھازىر مودا بولۇۋاتقان كىيىمدېسىلە بۇ، پەقەت مۇشۇ بىرسىلا قالدى. باھاسىغا چىقىشسىلا ئالىلا، بولمىسا قالىدۇ.

— قارىسىلا، بالام،— ئايال كۆڭلى يېرىم بولغاندەك ئېيتتى ،— رەھمەتلىك ئاچامنىڭ بىر قىزى بار ئىدى، توي قىلىپ باللىق بولدى، پەقەت يوقلاپ كېلەلمىدىم، شۇنىڭغا ئالاي دېگەن. دېھقان خەق پۇلنى بەكمۇ تەستە تاپىمىز، شۇ قىزىمنى دېمىسەم بۇنداق قىممەت كىيىمنى

ئېلىپ نېمە قىلاي، ئۇنداق دېمەي ئەرزانراق بەرسىلە، بالام، مەندىن ئالمىغان پايدىلىرىنى باشقىلاردىن ئېلىۋالا. . .

ئايال خۇددى مەندىن سەدىقە سوراۋاتقاندەك تەلمۈرۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا تەپسىلىي سەپسالدىم: بېشىدا ئاق رومال، قاما تەلپەك، پۇتىدا نەچچە يىلدىن بېرى ماي دىدارى كۆرمىگەن ئۆتۈك، ئۇچىسىدا نىمكەش سوكنا پەلتو، چىرايىنى ئىجىر - مىجىر قورۇق باسقان، لېكىن مەڭزى قىپقىزىل، ئۇستۇبېشىدىن تاغ كىشىلىرىنىڭ ھىدى گۇپۇلدەپ تۇرىدۇ: «ھەي بىچارە، يېمەي - ئىچمەي يىغقان پۇللىرىڭغا بۇ قىممەت كىيىمنى ئېلىپ تۇغقانلىق مېھرىڭنى يەتكۈزمەكچى بوپسەن - دە! كۆڭلۈڭ نېمىدېگەن ئۇلۇغ، ئۇرۇق - تۇغقانلارغا بولغان مۇھەببىتىڭ نېمىدېگەن چوڭقۇر - ھە! . . . بۇلارنى ئويلىسام، بۇ كىيىمنى ھازىرلا ساڭا بىكارغا بەرسەم بولىدۇ. لېكىن، مەنمۇ پۇل تېپىش ئۇچۇن بۇ دۇكاننى ئاچقان تۇرسام، بىر يۈەن پايدا ئۇچۇن كېچە - كۈندۈز باش قاتۇرۇۋاتسام. . . » ئۇنى - بۇنى دەپ يۈرۈپ، كىيىمنى 320 يۈەنگە ساتتىم. ئايال پۇل چىگىلگەن نىمكەش قولياغلىقىنى قويۇن يانچۇقىدىن خېلى ئۇزاقتا ئالدى ۋە ئالدىرىماي يېشىپ، 2 — 3 قېتىم ساناندى، ھازىرلا سودىدىن يېنىۋالىدىغاندەك دېلىغۇللۇق ئىچىدە پۇلنى بېرىپ كىيىمنى ئېلىپ ماڭدى.

— ھوي، نېمە بولدى سىزگە، جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ؟ قاراڭ، ماۋۇ رەختنى تېخى سىزگە سېتىۋاپتۇ، — ئايالىم خىيالىمنى بۆلدى.

قارىسام ئۇنىڭ قولىدا قارا سارجا تۇرۇپتۇ، ئۆزۈمنى

قويدىغان يەر تاپالماي تەستە ئېغىز ئاچتىم:

— ھېچ. . . ھېچنېمە، قېنى ئۇ ئانىمىز ئۆيدە يوق-قۇ؟— مەن ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئەتراپقا قارىدىم. راستىنى دېگەندە، شۇ تاپتا ئۇچرىشىپ قالسام، نېمە دېيىشىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيتتىم. روھىمدا ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر خىل تۇيغۇ غەليان كۆتۈرۈپ مېنى ئازابلايتتى.

— دۆڭ بازاردا ئېرىنىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆيى باركەن، شۇلارنى يوقلاپ كېلەي دەپ كەتتى، قونۇپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى ئايالىم.

ئىچىمدىكى جىددىيچىلىك بىر ئاز پەسكويغا چۈشتى، شۇنداقتىمۇ، ھېلى ئۇ كېلىپ قالسا قانداقمۇ قىلارمەن دەيدىغان ئەندىشە ئارامىمدا قويمايتتى. توغرا، دۇكاندا ياتمامدىمەن، مەن ئالدىراپ سىرتقا ماڭدىم.

— ۋاي نەگە، تاماق يېمەمسىز؟— ئايالىم ئەجەبلىنىپ ئارقامدىن چىقتى.

— بولدىلا، سىلەر كېچىچە قانغۇچە مۇڭدىشىۋېلىڭلار، مەن دۇكاندا ياتاي.

— دۇكاندا قونمايتتىڭىزغۇ؟— ئايالىم خاپا بولۇپ چىرايىنى بىرقىسما قىلدى.

— يېقىندىن بېرى ئۇخرى كۆپىيىپ قالدى.

مەن شۇنداق دېدىم-دە، خۇددى بىرسى كەينىمدىن ئىتتىرگەندەك يۈرۈپ كەتتىم. ئايالىمنىڭ: «ئايشىخان ئانام بىلەن كۆرۈشمەمسىز، بۇگۈن نېمە بولدى سىزگە؟ . . .» دېگىنى غۇۋا قۇلىقىمغا كىردى.

2000 - يىل 4 - ئاي، بېيجىڭ



# ئۇستازىم

سۆيۈملۈك ئۇستازىم! سىزدىن ئايرىلغىنىمغا ئۇزاق يىللار بولغان، سىزدىن ناھايىتى يىراقتا تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە، گۈلدۇراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە كۆكسۈمگە تاقالغان شەرەپ گۈلىگە چوڭقۇر ھاياجان بىلەن نەزەر سالـ-غىنىمدا، سىزنىڭ شىجائەت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ ئۆتكۈر كۆزىڭىز ماڭا چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلەن قاراۋاتقاندەك، مېھىر - مۇھەببەتنىڭ كانى بولغان قەلبىڭىزدىن ماڭا ئايرىن ۋە تەشەككۈر ئېيتىۋاتقاندەك، مەندىن پەخىرلىنىۋاتقاندەك سېزىلىۋاتىسىز!...

ئۇستازىم، سىز پەخىرلىنىشكە ھەقلىقسىز! ئۆزىڭىز ئىلىم كەۋسەرلىرى بىلەن سۇغىرىپ، كېچە - كۈندۈزلەپ پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگەن مەندەك بىر يۇمران كۆچەتنىڭ بۈگۈنكى كۈندە چوڭ بولۇپ، خەلق، ۋەتەن ئىشلىرى ئۈـ-چۈن تېگىشلىك ھەسسە قوشۇش بەدىلىگە شان - شەرەپ قازانغانلىقىنى كۆرگىنىڭىزدە، خۇشال بولماي تۇرالمايـ-سىز، ئەلۋەتتە. ئۇستاز ئۈچۈن ئېيتقاندا، شاگىرتنىڭ غەلىبىسىدىن ئارتۇق خۇشاللىق بولامدۇ؟!

ئۇستازىم، مەن بۈگۈن زەپەر شارابى ئىچىپ، شادىياـ-

نه ئۇسسۇل ئويناۋاتقىنىمدا، ئاشۇ كۆڭۈللۈك گۈزەل ئو-
قۇش يىللىرىمنى ئەسلىمەي تۇرالمايمەن: ئىلىم باغچىسىغا
قەدەم ئېلىپلا تۇنجى رەت سىزنى كۆرگىنىمدە، مېھرىباز-
لىق، ئۈمىدۋارلىق جىلۋە قىلىپ تۇرغان چىرايىڭىز ماڭا
ئۆز ئاتا - ئانامنىڭ چىرايىدەك ئىللىق بىلىنگەن ئىدى.
ئاشۇ چاغدا سىز مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ: «بۈگۈن-
دىن باشلاپ مۇشۇ سىنىپتا ئوقۇيسىز، غەيرەتلىك، ئۈمىد-
لىك بولۇڭ. چۈنكى، ئىنسانلارنى ئالغا يېتەكلەيدىغان
بىردىنبىر نەرسە ئۈمىد، ھېچقانداق ئەجىر سىڭدۈرمەي
گۈزەل ئارزۇلارنىڭ كويىدا بولۇش خۇددى سۇغا خەت
يازغاندەكلا بىر ئىش!...» دېگەن ئىدىڭىز! دەسلەپ مەن
بۇ سۆزلىرىڭىزنىڭ تەكتىگە يېتەلمىگەن بولسامۇ، كې-
يىنچە بارا- بارا چۈشىنىپ، سىزنى ئەسلىدىكىدىنمۇ چوڭ-
قۇر ھۆرمەتلەيدىغان بولدۇم. ھېلىمۇ ئېسىڭىزدىدۇ، ئىك-
كىنچى يىلى مەن مەكتەپ بويىچە «3 تە ياخشى» ئوقۇغۇچى
بولۇپ تەقدىرلەندىم، شۇ چاغدا سىز مېنىڭ بېشىمنى سى-
لاپ تۇرۇپ تەبرىكلىگەن ۋە مەندىن قانچىلىك رازى بولغان
ھەم سۆيۈنگەن ئىدىڭىز - ھە!؟
سىز دائىم ماڭا، كۈرەشچان ئەجدادلار ھەققىدىكى
تەسىرلىك ھېكايىلارنى، ئۇلارنىڭ قىزىل قانلار بىلەن يې-
زىپ قالدۇرغان بۈيۈك ئىش - ئىزلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ
ئىلھاملاندۇراتتىڭىز! بۇ ئارقىلىق مېنىڭ جەمئىيەتنى بى-
لىۋېلىشىمغا، تىرىشىپ مەرىپەت ئۆگىنىشىمگە، تىرىش-
چان ئەجدادلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىشىمغا تۈرتكە بولاتتىڭىز.
سىزنىڭ شۇنداق جان كۆيدۈرۈپ پەرۋىش قىلىشىڭىز نەتى-

جىسىدە، مەن ھازىرقىدەك ئەقىل تاپتىم، سىز ھەرقايسى ساھەلەردە ئىشلەۋاتقان مېنىڭدەك ئوت يۈرەك شاگىرتلىرىڭىزنى كۆرگىنىڭىزدە ۋە ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىرىگە ئېرىشكىنىڭىزدە قانداق تۇيغۇلاردا بولۇۋاتىدىغانسىز - ھە! . . .

ئۇستازىم، كۆكسۈمدىكى قىزىلگۈلنىڭ شەربىتى پۇتۇنلەي سىزگىلا مەنسۇپ. چۈنكى، سىز مېنىڭ روھىمنىڭ ئىنژېنېرى!

ئۇستازىم، قاراڭ: شاگىرتىڭىز شىجائەت كەمىرىنى باغلاپ، چېلىش دولقۇنلىرى ئېچىدە كاراپتەك ئۈزمەكتە. ئۇ ۋەتەن - خەلققە، سىزگە تېخىمۇ ئېسىل دۇردانىلەرنى تەقدىم قىلغۇسى!

1985 - يىل 5 - ئاي، قەشقەر



# يېڭى يىل ئاخشىمى

سائەت ئىستىرېلكىسى نۆلگە مىنگىشىشكە بىرقانچە مىنۇتلا قالدى. ماڭا ئۇ شۇنداق تېز ئايلىنىۋاتقاندەك تۇيۇلماقتا. ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە مىنۇت، ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە سېكۇنت، ئەڭ ئاخىرقى بىرقانچە دەقىقە. بۇ، كونا يىلنىڭ كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئۆتۈپ كېتىدىغان، كىشى ھەرنېمە قىلىپمۇ توسۇۋالالمايدىغان تولىمۇ قىممەتلىك، تولىمۇ ئەھمىيەتلىك دەقىقىلىرى. . .

ئاھ، شۇ تاپتا مەن بىر سېكۇنت ۋاقىتنىڭ نەقەدەر قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋاتىمەن، ئۆكۈنۈش، ھاياجانلىنىش ۋە تەلپۈنۈش كۆز بۇلاقلىرىمدىن كۈمۈش ئۈنچىلەرنى دومىلىتىپ، چاڭقاق يەرلەرنى سۇغارماقتا، ئارزۇيۇم زەپەر كۈيىگە تەڭكەش بولماقتا.

ئەنە، دىلبىرىممۇ خىيال سۈرۈۋاتىدۇ. تالاي كېچە تەسەۋۋۇر قىزى بىلەن مۇڭدىشىپ يېزىپ چىققان ئەسىرىنىڭ بۈگۈن ژۇرنال يۈزىدە كۆرۈنۈشى، مېنىڭدىن كۆپ قېتىم رەنجىگەن ئاشۇ دىلبىرىمگىمۇ خۇشاللىق ۋە بەخت ئېلىپ كەلگەنلىكى ئېنىق. شۇ تاپتا ئۇمۇ خىيال دېڭىزىغا شۇڭغۇپ، بىر يىللىق ھايات مۇساپىسىدىن يەكۈن چىقىرد-

ۋاتىدۇ. ئەنە ئۇ، ئاخشاملىرى تولۇن ئاينى گۇۋاھ قى-
لىپ، سۇپسۇزۇك بۇلاق بويىدا سۆھبەت قۇرغان ۋىسال
مىنۇتلىرىنى، ياندىشىپ ئولتۇرۇپ كىنو، تىياتىر كۆر-
گەن ھاياجانلىق چاغلارنى، ئىجادىيەت قىزغىنلىقى بىلەن
ۋەدىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ساقلىتىپ
قويغىنىمدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، ماڭا كايىغان سۇرلۇك
دەملەرنى ئەسلەۋاتىدۇ.

ئۇ ئۆكۈنۈش ئىچىدا ئىككى ئالىقىنى بىلەن ئالمىدەك
يۈزىنى قاماللاپ، بىر پەس ئولتۇرغاندىن كېيىن، چاقناپ
تۇرغان بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزىنى رازىمەنلىك بىلەن ماڭا
تىكىپ، تىترەپ تۇرغان قوللىرى بىلەن قولۇمنى تۇتتى.
بۇ چاغدا بەدىنىمگە بىر خىل ئىسسىق ھارارەت تارىغاندەك
بولدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا قەلب مۇھەببىتىمنى ئىزاھار قىلغۇ-
چى بىر جۈپ ئوتلۇق كۆزۈم بىلەن مەنىلىك باقتىم.

سائەتنىڭ تۇيۇقسىز «جاڭ» ئۇرۇشىدىن چۆچۈپ
كەتتۇق. بۇ ئەڭ ئاخىرقى سادا ھەر ئىككىمىزگە يېڭىدىن
بىر ياش سوۋغا قىلىپ، ۋاقىتنى قەدىرلەيدىغان پەزىلەت
بەخش ئەتتى.

مەن سائەتكە قاراپ: «قېنى بىزنىڭ قەسىمىمىزنى
ئاڭلا، ئالدىمىزدىكى پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ، زەپەر
مارجانلىرىنى بوينۇڭغا ئاسىمىز، ئانا ۋەتىنىمىزنى گۈلگە
پۈركەش ئۈچۈن ھەربىر قەدىمىمىزنى غەلىبە
بىلەن باسىمىز!» دەپ خىتاب قىلدىم.

1987- يىل 12 - ئاي، خوتەن

# ئانا تۇپراق

نەچچە ۋاقىتتىن بۇيانقى تىلىكىم بۇ قېتىم ئەمەلگە ئاشتى. ئىچكىرىگە ئۇچ ئايلىق ئۆگىنىشكە بارىدىغان، بارغاندىمۇ ئايروپىلاندا ماڭىدىغان بولدۇم. ئاي-روپىلان ئاستا - ئاستا قوزغىلىپ يەردىن يۇقىرى كۆتۈ-رۈلگەنسېرى يۈرىكىم تەرتىپسىز سوقۇپ، ئۆپكەم ئاغزىمغا كەپلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى، بەلكى چىرايىممۇ تاتىرىپ كەت-كەن بولسا كېرەك، زورىغا بىردەم كۆزۈمنى يۇمۇپ ئول-تۇرۇپ باقتىم. ئۇمۇ بولمىدى، ئايروپىلان بارغانسېرى يۇ-قىرى ئۆرلەپ ئاپئاق بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈۋشكە، ئانا يەر-دىن بارغانسېرى يىراقلاشقا باشلىدى. شۇنداقتىمۇ كەيپىيا-تىم تېخىچە تۇراقلىشاي دېمەيتتى، خۇددى يۈرىكىمنى بىر-سى ھەدەپ پەسكە تارتىۋاتقاندەك، تومۇرۇمدا قانلىرىم ئۇيۇ-شۇپ، نەپىسىم توختاپ قالغاندەك بىلىنەتتى. ئايروپىلانغا چىقىش ئالدىدىكى خۇشاللىقلىرىمنىڭ مىڭدىن بىرىمۇ يوق ئىدى. . . ئۇھ، خۇداغا شۈكرى! ئاخىر مەنزىلگە يېتىپ كەلدۇق، ئايروپىلان ئاستا - ئاستا پەسلەپ يەرگە قوندى. بۇنىڭ بىلەن ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالاي دېگەن ئۆپكەم، تومۇرلىرىمدا ئۇيۇشۇپ قالاي دېگەن قانلىرىم، قالايمىقان

سوقۇۋاتقان يۈرىكىم . . . ھەممىسى ئەسلىي ھالىتىگە كەلدى. بۇنىڭدىن شۇنى بىلدىم: يۈرىكىم مۇقەددەس ئانا تۇپراق بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان ئىكەن. تومۇرۇمدا ئېقىۋاتقان قانلىرىم ئانا تۇپراقتىن ئۆرلىگەن ھارارەتنىڭ تەپتى بىلەن ئاقالايدىكەن، ئۆپكەم پەقەت ئانا تۇپراقنىڭ ساپ ھاۋاسىدىنلا ئەركىن نەپەس ئالالايدىكەن. . . ئاھ، مېنى ياراتقان، پەرۋىش قىلىپ قاتارغا قوشقان مۇقەددەس ئانا تۇپراق! مەن پەقەت سېنىڭ ئىللىق قۇچىقىڭدىلا خاتىرجەم ياشىيالايدىكەنمەن.

1995 - يىل 6 - ئاي، خوتەن



# تەسكەي خىياللىرى

## ئۇنتۇش ۋە كۆنۇش

ئەمدىلا ئىككى يېرىم ياشقا قەدەم قويغان قىزىم شىرىنئايىنى باللار يەسلىسىگە تولا تەستە ئالدۇردۇم. ئۇلار: «قىزىڭىز تېخى كىچىك ئىكەن، ئۈچ ياشقا توشقاندا ئالاتتۇق، كۆنەلمەيدۇ» دېگەن پىكرىدە خېلىلا چىڭ تۇرۇۋېلىپ، ئاخىر قوبۇل قىلدى. راست دېگەندەك قىزىم ئىككى ھەپتىدەك ھەر ئەتىگىنى يەسلىگە ئاپارسام پاچىقىمغا ئېسىلىپ يىغلاپ، مېنى يۇمران قوللىرى بىلەن ئۇرۇپ، پۇتلىرىدا تېپىپ قارشىلىق قىلدى. بۇ ھالنى كۆرگەن تونۇش- بىلىشلىرىم: «يەسلىگە ئانىسى ئەكېلىپ قويسا يىغلىماي ئاسانلا كۆنىدۇ» دېيىشتى. بۇنىڭ بىلەن ئايالىمنىڭ ئىشلىرى ئالدىراش بولسىمۇ، ھەر كۈنى ئەتىگەن ئۇنىڭ كىچىك سومكىسىغا كەمپۈت، ئۈزۈم، پېچىنە - پىرەنىك قاتارلىق تاتلىق - تۈرۈملارنى سېلىپ يەسلىگە ئەكېلىشنى داۋاملاشتۇردى. بىركۈنى ئەتىگەن ئۇنى ئۆزۈم ئاپىرىپ قويۇشقا توغرا كەلدى. مەن ئۇنىڭ يەنە ھېلىقىدەك يىغلاپ، يەسلىنى بېشىغا كىيىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئىدىيە جەھەتتە تەييارلىق كۆرۈپ قويدۇم: يىغلىسا يىغلىمامدۇ!

كونىلار «قاپاق ساڭگىلاپ چوڭ بولۇر، بالا يىغلاپ» دەپتىكەن، مەنمۇ هازىرغىچىلىك قانچىلىك يىغلىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. . .

توۋا دەيمەن، قىزىم يەسلىنىڭ ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، يېتىلەپ ماڭغان قولۇمنى قويۇۋېتىپ، بۇدرۇققىنا قولى بىلەن «خوش» دېگەن ئىشارىنى قىلىپ كىرىپ كەتتى. هەيران قالدىم، بېشىمدىن ئېغىر تاغ ئېلىنىۋېتىلگەندەك ئۆزۈممۇ سەزمەستىن «ئۇھ!» دېدىم.

شۇ كۈندىن تارتىپ بىرقانچە ئاي بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ «كېسىلى» تۈتمىدى.

ئۇ هەر كۈنى كەچ ئۆيگە كېلىپلا يەسلىدە ئۆگەنگەن ناخشىلىرىنى ئوقۇپ، ئۇسسۇللىرىنى ئويناپ بىزنى باشقىچە خۇشال قىلدى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى نارازىلىقى، كىشىنى ئۇرۇپ، تېپىپ قارشىلىق كۆرسىتىشلىرى پۈتۈنلەي تۈگەپ، كۆڭۈلا كەتتى. بۇنىڭدىن بىر هەقىقەتنى بىلىپ يەتكەندەك بولدۇم: توغرا، بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ هەم ئۇنتۇغاق، هەم كۆنگەك ئىكەنمىز.

## قىممەت قارىشى

كىتاب كۆرۈپ ئولتۇراتتىم، ئوغلۇم بىلەن قىزىمنىڭ بىر نېمىنى تالىشىپ جېدەللىشىۋاتقىنى قۇلىقىمغا كىردى. «مەيلىلا، كىچىك باللار ئەمەسمۇ، بىر تۇغقان قېرىنداشلار بولغاندىكىن چوڭ مەسىلە كۆرۈلمەس. . .» دېگەن خىيال بىلەن ئۆز ئىشىمنى قىلىۋەردىم. ئاخىر ئۇلار يې-

نىمغا كىرىشتى.

— نېمە تالىشىۋاتىسىلەر؟

— قەلىمىڭنى بېرىپ تۇر دېسەم بەرمىدى، قەلىمى-نىڭ سىياسى يوقكەن،— دېدى ئوغلۇم سىڭلىسىدىن ئاغ-رىنىپ.

— قىزىم، تاپشۇرۇقىڭىزنى ئىشلەپ بولغاندىكىن بې-رىپ تۇرسىڭىز بولمامدۇ،— دېدىم ئۇنىڭ پىششىقلىقىدىن نارازى بولۇپ.

— مەن ئاران ئىككى بەت خەت يازدىم. بۇ قەلەمنى ئىككى موچەنگە ئالغان، بىرمو سەككىز پۇڭ بەرسە بېرد-مەن.

ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدىم. قانداق قىلىش كېرەك؟ قىزىمنى كېلىشتۇرۇپ بىر شاپىلاق سالايمۇ؟ ھەي، جاھان نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن؟ ئادەمگەرچى-لىك، ئىنساپ، دىيانەت، ئەخلاق نەگە كەتتىكىن؟... بۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولسا، بۇ ناچار ئىللەت مۇشۇ سەبىي قەلبلەرگە يۇقسا...

ئۇزاق ئويلاندىم. ئۇلارنىڭ جېدەللىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمىدى. ئاخىر ئۆزۈمنى كېلىشتۇرۇپ بىر شاپىلاق سال-دىم. بالىلىرىمنىڭ جېدەللىرى بېسىقىپ ماڭا قاراپ تۇ-رۇپلا قېلىشتى.

## تۇغۇلغان كۈن

بۈگۈن قىزىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى، شۇڭا ئاتايىن

تورت ئېلىپ چىقتىم. تاماق شىرەسىنىڭ ئۈستى پېچىنە - پىرەنىك، قەنت - گېزەك، گۆلە - قاقلار بىلەن لىق تولدۇرۇۋېتىلدى. دوست - ئاغىنىلەرمۇ بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ بىر - بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. بىز تورتقا شاملارنى سانجىپ، قىزىمنىڭ تۇغۇلغان كۈن ناخشىسىنى باشلايلى دەپ تۇرۇشىمىزغا، قىزىم ئورنىدىن تۇردى:

— توختاپ تۇرۇڭلار، — قىزىم شۇنداق دېگىنىچە ياندىكى ئۆيدىن يوغان بىر تورتنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئانىسىنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە، — بۈگۈنكى تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئانامنى تەبرىكلەيلى، ئانامنىڭ دېيىشىچە، مېنى ئۈچ كۈن تولغاق ئازابى تارتىپ بەك تەستە تۇغۇپتىكەن.

ھەممىمىز ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپلا قېلىشتۇق. مەن گەپ قىلىشقا تەمشەلدىمۇ، لېكىن بوغۇزۇمغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك زۇۋان سۈرەلمىدىم. چۈنكى، ھازىرغىچە تۇغۇلغان كۈنلىرىمنىڭ بىرەرسىدىمۇ ئانامنى يادىمغا ئېلىپ قويمىغانلىقىم مېنى قاتتىق ئازابلىماقتا ئىدى. . .

1995 - يىل 11 - ئاي، خوتەن

# چۈچۈمەل خىياللار

## 1

مەنزىلىمگە قاراپ ھەدەپ يۈگۈرۈۋاتىمەن. بېشىمدىن چىققان تەر چاچلىرىم ئارىسىدىن ئېقىپ ئوشۇقۇمدا توختى-دى. ئۆپكەم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالاي دېدى. يۈرىكىمنىڭ سوقۇش رىتىمى ئادەتتىن تاشقىرى تېزلەشكىلى تۇردى. شۇنداقتىمۇ بار كۈچۈم بىلەن يۈگۈرۈۋاتىمەن. ئاز قالدى، ئالدىمدىكى قايرىلىشتىن ئۆتسەملا غەلىبە ماڭا مەنسۇپ بولىدۇ. دوستلىرىم خۇشال بولۇپ تەبرىكلىشىدۇ. ھەتتا تۆت - بەشى بىر بولۇپ دولىسىغا ئېلىپ «ھۇررا» توۋلى-شىدۇ.

توۋا، نېمە ئىش بۇ: تۇيۇقسىز دوقمۇشتىن بىرى يۈگۈرۈپ چىقىپ ئالدىمدا پەيدا بولدى - دە، ئۇچقاندەك ئۇزاپ كەتتى. جان - جەھلىم بىلەن يۈگۈرسەممۇ، ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدىم، يولدا ئەمەس گويا سۇدا ئۈزۈۋاتىمەن، شۇن-داقتىمۇ يەنىلا ئۇمىد ئۈزمىدىم. بىر چاغدا «ھۇررا»،

«ياشاپ كەت! » دەپ توۋلاشقان تونۇش ئاۋازلار ئاڭلاندى. يۈز - كۆزلىرىمدىكى تەرلىرىمنى سۈرتۈپ قارىسام، ھېلىقى غايىبتىن ئالدىمغا ئۆتۈۋالغاننى دوستلىرىم كۆتۈرۈپ ئاسمانغا ئېتىشىپ تۇرۇپتۇ.

مەن يۈگۈرۈشتىن ئاستا - ئاستا توختىدىم - دە، گۈلۈپپىدە يىقىلدىم. يەر، ئادەملەر، مەنزىل ھەممىسى چۆرگىلەۋاتىدۇ. مەنمۇ چۆرگىلەۋاتىمەن. ئورنۇمدىن تۇرۇشقا تىركەشتىم. دوستلىرىمنىڭ بىرىمۇ يۆلەپ قوياي دېمىدى. چۈنكى، مەن يىقىلغان ئىدىم.

## 2

قايناق بازار كوچى، پاتقاق، تار كوچا دوقمۇشىدا، پۇتۇنلەي كىرلىشىپ كەتكەن راۋابىنى بىر خىل مۇڭلۇق ئاھاڭغا چېلىپ ئولتۇرغان پۇتى ناكار سائىلنى ئۇچرىتىپ قالدىم. ئۇ ھەقىقەتەن بىچارە ئىدى. تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ يانچۇقۇمدىن بەش يۈەن ئېلىپ سۇندۇم.

— رەھمەت سىلىگە، خۇدايىم مەرتىۋىلىرىنى ئۈستۈن قىلغاي، قۇرۇق تۆھمەتتىن، بالا - قازادىن ساقلىغاي!

ئۇ دۇئادىن كېيىن راۋابىنى قايتىدىن تۈزەپ ئاجايىپ مۇڭلۇق، يېقىملىق پەدىگە چېلىشقا باشلىدى. ئاھ مۇڭلۇق كۈي! . . . يۈرىكىم لەرزىگە كېلىپ پۈتۈن بەدىنىم سىمابتەك ئېرىدى. ئىختىيارسىز ئورنۇمدىلا ئولتۇردۇم. كۆز-

لىرىمدىن تاشقان ياشلار مەڭزىم بويلاپ چۈشتى. مەن ئۇ-
نىڭ پەس، تولىمۇ زەئىپ، لېكىن ناھايىتى ئېنىق ئېيتى-
ۋاتقان ناخشىسىنى پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئاڭلاۋاتىمەن.
چاك - چاك يېرىلغان بىر تېرە، بىر ئۇستىخان قوللارنىڭ
زەخمەك ئۇرۇشىغا، پەدە بېسىشىغا قاراۋاتىمەن. قارىغاندا-
سېرى ئۇنىڭ ئوبرازى كۆڭلۈم ئېكرانىمدا نەچچە ھەسسە
چوڭىيىپ، بارغانچە سۈيۈملۈك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كۆ-
زۈم قىيمىغان ھالدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ يولۇمغا ماڭدىم ۋە
كوچا ئارىلىغاچ ئويلىنىپ قالدىم: «مەن ئۇنىڭغا پۇل
بەردىم. ئۇ ماڭا يۈرىكىمنى لەرزىگە سالىدىغان كۈي تەقدىم
قىلدى. ئەگەر ئۇ مەندىن شۇنى تەلەپ قىلغان بولسا بېرە-
لەمتىم؟ ياق، مەن بېرەلمەيتتىم. ئۇ پۇلغا موھتاج، مەن
كۈيگە تەشنا...»

خىيال سۈرگەنسېرى ئۆزۈمنىڭ ئۇنىڭدىن بەكلا نام-
رات ئىكەنلىكىمنى بىلگەندەك بولدۇم.

## 3

يۈرۈڭقاش دەرياسى ساھىلىدا، شىددەت بىلەن ئېقى-
ۋاتقان سۇغا قاراپ خىيالچان تۇرىمەن. كۆچلۈك دولقۇن
ھە دەپ ئىككى قىرغاققا، چوڭ قورام تاشلارغا ئۇرۇلىدۇ.
گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ پەسىيىپ، بۇژغۇن چاچرىتىۋاتقان
دولقۇنغا قاراپ سەل بېشىم قايغاندەك بولدى - دە، ئاستا

ئولتۇرۇۋالدىم. بىر چاغدا يوغان بىر قاشتېشى دومىلاپ كېلىۋاتقاندەك بىلىندى، «ئاھ، راستتىنلا قاشتېشى ئوخشىمامدۇ؟ كەم دېگەندىمۇ نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ئىگىسىنىڭ قولىدا يۈرگەن بولسا، بۇ قاشتېشىدا ئىگىسىنىڭ خىسلىتى سىڭگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدىم. ئاندىن «ئاھ، قاشتېشى، قاشتېشى!...» دەپ ئۇنى چاقىرغاندەك قىلدىم.

قارا قاشتېشىدىن ئىبارەت بۇ ياغاچ ياشىغان نەرسىنىڭ ئەسلىدە قانداق نەرسە ئىكەنلىكى ھەققىدە ئويلاپ كەتتىم. گويا قاشتېشى مېنى ئىزدەپ كەلگەندەك، ئۇنىڭ ئىچىدىكى سىرلار ماڭا ئېچىلىدىغاندەك بىلىندى. «ئەگەر قاشتېشى سۆزلىيەلىسە ئىدى...» دەپ ئويلىدىم ۋە يەنە ئۇنىڭ ئۈستىگە تاسادىپىي قارىدىم. مېنى يۇتۇپ كەتسە خوتەن بالىلىرىم نېمە بولۇپ كېتەر، بولدىلا...» دېدىمۇ، يەنە ئۈمىد ئۈزمىدىم.

قاراڭ ماۋۇ ئىشنى، قاشتېشىنى كۆرگەن يالغۇز مەنلا ئەمەسكەنمەن. دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن بىرمۇنچە ئادەم «ئەنە - ئەنە» دېيىشىپ قاشنى بويلاپ كېلىۋاتىدۇ. «ھەي، بۇرۇنراق سەكرىسەم بوپتىكەن» دېدىم ئىچىمدە. بىر توپ كىشى ھېلىقى قاينامغا قاراپ چۇرۇقلاشقىلى تۇردى. لېكىن، بىرەرسى سەكرەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. دەل شۇ چاغدا جۈرئەتلىك بىرسى سەكرىدى. ئۇنىڭ بېشى لاي سۇدا گاھ كۆرۈنسە، گاھ غايىب بولاتتى. قانداق بولدى، بىر ھازادىن كېيىن سۇزۇك، يوغان بىر قاشتېشىنى ھېلىقى باتۇر كۆتۈرۈپ قاشقا ئېلىپ چىقتى. ھەممەيلەن قاشتېشىنى كۆرۈپ ھەيران قېلىشتى. ئۇ ھەقىقەتەن ئېسىل تاش ئىدى. ئۇ تەۋەككۈل قىلىپ پەقەت بىرنەچچە مىنۇتنىڭ ئىچىدىلا كاتتا بايغا ئايلاندى. مەن قورقۇنچاقلىد-

قىسىم، جۈرئەتسىزلىكىم سەۋەبىدىن بايلىققا تەلمۈرۈپ قا-
راپ تۇردۇم. شۇ چاغدىلا ئۆزۈمنى تۇنجى قېتىم چۈشەنگەن-
دەك بولدۇم.

## 4

مەنزىلىم شەرقتە، شۇڭا مۇقەددەس قۇياشقا قاراپ
يۈگۈردۈم. پۈتۈن ئارزۇ - ئۈمىد، ئەقىدە بىلەن يۈگۈر-
دۈم. سايەممۇ تاپ بېسىپ يۈگۈرۈۋاتىدۇ. بىر كۈن يۈگۈ-
رۈپتىمەن، قۇياشمۇ غەربكە ئۆتۈپ ئاستا - ئاستا تاغ كەينى-
گە يوشۇرۇندى. مىڭ ئەپسۇس، ماڭا ھاردۇق يەتكەن،
مەنزىلىمگە يېقىنلاپ قالغان چېغىمدا قارىسام سايەم مەندىن
چاققان كېلىپتۇ. ھەي ئىست! ئەمدىلىكتە سايەمنى قوغ-
لاپتىمەن ئەمەسمۇ؟...

## 5

قىزغىن ئالقىش ساداسى ئىچىدە سەھنىگە چىقىپ
مۇكاپات تاپشۇرۇۋېلىپ، پەستە ئولتۇرغان كىشىلەرگە
چوڭقۇر سالام بىلەن بېشىمنى ئەگدىم. لېكىن، ئۇلارنىڭ
ھەممىسى تەڭلا كۈلۈشتى. ئىست، ئەسلى سەھنىدىن
غادايغان پېتى چۈشۈپ كېتىدىغان گەپ ئىكەن..

1996 - يىل 4 - ئاي، خوتەن

# يول ۋە مەن

## 1

مەن يولنى يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچقان كۈنۈمدىن تارتىپلا بىلىمەن. شۇنىڭدىن بېرى كۆپ يىللار ئۆتتى، نەچچە قېتىم باھار چېچەكلىرى ئېچىلىپ، نەچچە قېتىم سېخىي كۈز داستىخىنىنى كەڭ يايدى، نەچچە قېتىم يەر- جاھان ئاپئاق لىباسقا ئورالدى. مەن يەنىلا يولدا، بەزىدە خۇش پۇراق چېچىپ تۇرغان گۈل - چېچەكلەرگە پۈركەن- سەم، بەزىدە شىۋىرغان، بوران - چاپقۇنلار بىلەن ئېلى- شىپ كەلدىم. بەزىدە شان - شەرەپ قۇچۇپ يەنە شۇ يولدا سەپەردە بولدۇم. يول مېنىڭ ھاياتىم، غايەم، ئىرادەم بىلەن مەھكەم باغلانغان، يول مېنى تالاي گۈزەل مەنزىلگە باشلاپ قانغۇچە سەيلە قىلدۇردى. . .

## 2

ئانامنىڭ دەپ بېرىشىچە، مەن يولدا تۇغۇلغان ئىكەن-

مەن، كىندىك قېنىم يولغا تۆكۈلگەن ئىكەن، تۇنجى كۆر-
پەم يول، تۇنجى كۆرگىنىممۇ يول ئىكەن. شۇنداق قىلىپ
يولدا ئۆمىلەپ، تەمتىلەپ مېڭىپ چوڭ بولدۇم، شېغىل
تاسقايدىغان ئۆتكەمىلەر بۆشۈكۈم، چىرايلىق ئۇششاق تاش-
لار مەن ئوينايدىغان ئۇنچە - مارجانلىرىم. قۇرغاق شا-
مال ـلار يۈز - كۆز، چاچلىرىمنى سىلايدىغان دائىملىق
ھەمراھىم، يۇلغۇن چېچەكلىرى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان
خۇش پۇراق گۈللىرىم بولدى. . .

ئەقلىمگە كەلگەندىن باشلاپ، ئاتا - ئانام مېنى ھاپاش
قىلىپ يولغا ئىشلىگەنلىكىنى، مېنى تاش - شېغىل دۆۋى-
لىرىگە يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغانلىقىنى بىلىمەن. . .
كېيىن سېخىي يول مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزدى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن يولدا يۈگۈرىدىغان، سەكرەيدىغان، يىقىلسام
يەنە يولغا تايىنىپ ئورنۇمدىن تۇرىدىغان بولدۇم. يېشىم
چوڭايغانسېرى دادامنىڭقولىدىن گۈرجەك، جوتۇلىرىنى
ئېلىپ «يول ياسايدىغان» بولدۇم. . .

## 3

باشلانغۇچنى تۈگىتىپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇشقا باش-
لىدىم. ئەقلىممۇ يىلدىن - يىلغا ئېشىپ باردى. بۇنىڭغا
ئەگىشىپ مەندە تاشيولچى بولۇش ئارزۇسى كۈچەيدى.
ئازادە سىنىپتا دەرس ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ، تۆت پەسىلنىڭ

ھەممىسىدە ئېغىر ئىشلارنى پەقەت ئىككى قولىغىلا تايىنىپ قىلىدىغان ئاتا - ئانام كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. بۇنداق چاغ-لاردا: گۈرجەك، جوتۇ، ئۆتكەمە، كالا، ئېشەكلەرگە تايى-نىپ قىلغان ئېغىر ئىشلارنى زامانىۋى ماشىنىلاردا قىلىش-قا بولامدىغاندۇ دەپ ئويلاپ قالاتتىم. ئارزۇ - تىلى-كىم ئاخىر ماڭا ئىللىق قۇچىقىنى ئاچتى. مەن سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ تاشيول كۆۋرۈك كەسپىگە قوبۇل قىلىن-دىم. چاقىرىقنى تاپشۇرۇپ ئالغان كۈنۈم كېچىچە كىرپىك قاقمىدىم. ئاجايىپ ھاياجان، چەكسىز ئىپتىخارلىنىش ھېسسىياتى مېنى ئارام تاپتۇرمىدى. ھاياتنىڭ ھەقىقىي مەنىسى، قىممىتىنى پەقەت يول ئارقىلىقلا بىلگەن ئاتا - ئانام مەندىنمۇ بەكرەك خۇشال بولدى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى-دىن خۇشاللىق ياشلىرى تۆكۈلۈپ، ماڭا ئىشەنچ بىلەن قارايتتى، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئۇخلاپ قاپتىمەن ھەم چۈش كۆرۈپتىمەن: «تومۇز ئىسسىقتا يولغا ئىشلەۋاتىمەن. قول-پۇتلىرىم قاپىرىپ قانىغان، پۈتۈن بەدىنىمدىن قارا تەر ئېقىۋېتىپتۇ، لەۋلىرىم قۇرۇپ ئەتراپىمغا قارىدىم، كەي-نىمگە قارىسام ئاجايىپ مەنزىرە كۆرۈندى. بەدىنىمدىن ئاققان تەردىن تۈپتۈز، تەكشى كۈمۈش يول بەرپا بوپتۇ. ھەيران بولۇپ تۇرسام، ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي ئالدىم-دىلا پەيدا بولۇپ: «ئوغلۇم ئۇسسۇلۇق ئىچىۋال، — دەپ ئالتۇن جامدا مۇزدەك سوغۇق سۇ سۇندى. تازا راھەتلىنىپ ئىچتىم، بوۋاي بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ، — رەھمەت،

ئوغلۇم! ئىشىڭنى داۋاملاشتۇر. ھالال تەر تۆك, ئاللا ساڭا نۇسرەت ئاتا قىلغاي!...» دەپلا غايىب بولدى. چۆچۈپ ئويغانسام تاڭ سۈزۈلۈپتۇ. مېنى خاسىيەتلىك، قۇتلۇق بىر كۈن يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن قويىنىغا چاقىردى. قۇياشـ مۇ تەبرىكلىگەندەك زەر نۇرلىرى بىلەن يولۇمغا، پۈتۈن ئۈستۈۋاشلىرىمغا چاچقۇ چاچتى...

## 4

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ يول ئاسراش ئۈچاسـ تىكىسىغا تەقسىم قىلىندىم. تىلەكلىرىم رېئاللىققا ئايلانـ دى. ئىلگىرى گۈرجەك، جوتۇ، ئۆتكەمە، ئۇلاغلار ئارقىـ لىق قىلىنىدىغان ئىشلار ھازىر زامانىۋى ماشىنىلار ئارقىـ لىق قىلىنىدىغان بولدى. يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدا، قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇقلىرىدا چۆل - جەزىرىلەردە تۇـ نەپ، قاتتىق نانىنى سوغۇق سۇغا چىلاپ يېيىشنىڭ ئورنىنى ئازادە، يورۇق ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىسسىق تاماق بىلەن غىزاـ لىنىش... ئىگىلىدى، شېغىل، ئېگىز- پەس يوللار تەكـ شى، ئازادە ئاسفالت يوللارغا ئۆزگەردى. يولمۇ، ئادەمـ لەرمۇ ئۆزگەردى. مەن ھازىر قەۋەتلا خۇشال، يول مېنى ئۆزىنىڭ قويىنىغا ئالدى. پەپىلىدى، چوڭ قىلدى، چېنىقـ تۇردى. ھۆرمەت، شان - شەرەپ سەھنىسىگە ئېلىپ چىقـ تى.

1996 - يىل 11 - ئاي، خوتەن

# كۆڭلۈم بۇلىقىدىن تامچىلار

سۆيۈملۈكۈم، سەن بىلەن شېرىن سۆھبەتلەردە بول-غان ھېلىقى ئېرىق بويىغا كەلدىم، ئەپسۇس، سۇپسۇزۇك سۇلار بىز بىرگە سەيلى قىلغان چاغدىكىدەك يېقىملىق كۈيدە ئويناقشىپ ئاقماستىن، خۇددى چاڭقاق، خىيالچان كۆڭلۈمگە تەڭكەش بولغاندەك تولىمۇ مىسكىن ئېقىۋاتىدۇ.

سۆيۈملۈكۈم، سەن بىلەن بىرگە كېپىنەك قوغلاپ رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ خۇش ھىدىدىن مەستخۇش بولغان ھېلىقى گۈلزارلىق قوينىغا شۇڭغۇدۇم. ئەسلى بۇ جايدىن سېنىڭ تىنىقىڭنى، جانغا ئارام بېغىشلىغۇچى يېقىملىق ئاۋا-زىڭنى، بۇلبۇللارنى خىجالەت قىلىدىغان تاتلىق كۈلكەڭنى تاپماقچى ئىدىم. ئەپسۇس، بۈگۈن گەرچە گۈللەر شۇنداق چىرايلىق ئېچىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭدىن قىلچەخۇش پۇراق سەزمىدىم.

سۆيۈملۈكۈم، بىرگە غىزالانغان ھېلىقى دوقمۇشتىكى ئاشخانىغا كىردىم، ئاشۇ قېتىم كۈلۈشۈپ، ئەركىلىشىپ ئولتۇرۇپ يېگەن پېتىرمانتىنىڭ تەمى ئاغزىمدا ھېلىمۇ تۇرۇپتۇ. ئاشۇ سېمىز كۈتكۈچى ئايال، پېتىرمانتا، بۇ-لۇڭدىكى تاماق شىرەسى. . . ھەممىسى يەنىلا ئۆزگەرمى-

گەن. لېكىن، تاماق ئاغزىمغا زادىلا تېتىمىدى، چايدىن ئىككى ئوتلاپلا چىقىپ كەتتىم...

سۆيۈملۈكۈم، سەن بىلەن بىرگە بولغان، ئىككىمىز-نىڭ ئىزى چۈشكەن تالاي يەرلەرگە باردىم. مىڭ ئەپسۇس، ئاشۇ سۆيۈملۈك، مۇقەددەس جايلار، ئۇ يەردىكى ھەربىر تۈپ دەرەخ، ئېقىۋاتقان سۇ، ھېلىقى يول، سىرداش دوستلار ھەممىسى سەن بىلەن بىرگە بولغان چاغدىكىدەك سۆيۈملۈك بىلىنمىدى؛ يۈرىكىم سەن بىلەن بىرگە بولغان چاغدىكىدەك ئويناپ سوقمىدى.

ئاھ، سۆيۈملۈكۈم، سەن مېنىڭ يۈرىكىمنىلا ئە-مەس، ھەممىنى ئېلىپ كېتىپسەن ئەمەسمۇ؟...

1996 - يىل 11 - ئاي، خوتەن

# قاردىن تۇغۇلغان خىياللار

## 1

تەبىئەت پۈتۈنلەي ئاق شايى بىلەن ئورالدى. مۇقەددەس ئانا يەرمۇ، دەل - دەرەخلەرمۇ، ئادەملەرنىڭ ئۇستۋاشلىرىمۇ ھەممىسى ئاق. . . تەنھا خىيال سۈرىمەن: ئاۋۇ قار بوۋاي ياساپ، بىر - بىرلىرىنىڭ قويۇنلىرىغا پومزەك-پومزەك قارلارنى تىقىشىپ، قىقاس - چۇقان بىلەن ئويناۋاتقان باللار نېمىدېگەن بەختلىك، غەمسىز - ھە! ئۇلارنىڭ شوخ ھەرىكەتلىرى، سەبىي كۆڭۈللىرى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى. . . تەبىئەتنىڭ بۇگۇنكى قار مەنزىرىسىنى خىجىل قىلغۇدەك ئاق ۋە غۇبارسىز؛ ئاۋۇ كېلىشكەن بىر جۈپ قىز - يىگىتنىڭ خۇشاللىقىغا ئالەم تار كېلىۋاتىدۇ، قىزنىڭ مەڭزى ئانارنىڭ دانىسىدەك قىزىل، بۇلاقتەك كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدۇ. ئۇلار پاكىز قار ئۇستىدە گاھى دۇم ۋە يانتۇ يېتىشىپ، گاھى دەرەخلەرنىڭ ئاچىمىقىغا قونۇۋېلىشىپ سۈرەتكە چۈشۈۋاتىدۇ. . . قىز يىگىتنىڭ ياقىسىدىن بىر سىقىم قارنى تىقىۋېتىپلا قىقاس سالغىنىچە قاچتى، ئۇنىڭ شوخ كۈلكىسىدىن دەرەخلەرنىڭ شاخلىرى-

دىكى قارلار تۆكۈلدى. يىگىت قىزنى قوغلاپ يۈگۈردى — ئىككىسى تەبىئەتنىڭ ئاپئاق قوينىغا سىڭىپ كەتتى؛ تۇۋا، بۇ زىمىستان سوغۇقتا ئاۋۇ بىر - بىرلىرىنى يۆلىشىپ ئاران كېلىۋاتقان بوۋاي - مومايلارغا بۇ يەردە نېمە باردۇ؟ قېنىق دەملەنگەن چايلىرىنى ئىچىشىپ ئىسسىق ئۆيلىرىدە ئارام ئالسا بولمامدۇ؟ سوغۇقتا ئادەم ياشىرامدىغاندۇ، ئۇلارنىڭ يول - يول قورۇق چۈشكەن مەڭزلىرىنىڭ قىزىللىقى، كۆزلىرىنىڭ تۇنجى مۇھەببەت كوچىسىغا كىرگەن قىز - يىگىتلەرنىڭكىدەك ئويناق، قىزغىنلىقى. . . بۇلارنى كۆرۈپ نېرۋام سەگەكلەشتى. ئەمدىلىكتە بۇ بىر جۈپلەر ماڭا بارغانسېرى سۆيۈملۈك كۆرۈنۈشكە باشلىدى. .

. ئاپئاق قار بىلەن ئورالغان تەبىئەت، ئۇنىڭدىكى ئادەملەرنىڭ كۆڭۈللۈك سەيلىسى، بولۇپمۇ بۇ ياشانغان بىر جۈپلەرنىڭ ۋاپا، ساداقەتنىڭ بەلگىسى بولغان بۇگۈنكى تاماشاسى كۆڭلۈمنى ئاجايىپ تۇيغۇلارغا ئەسىر قىلدى. ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئالدىدا، ئاپئاق تەبىئەت ئالدىدا كۆڭلۈمنىڭ قانداقلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم. شۈكرى، ھېلىھەم كېچىكسەممۇ ئۆزۈمنى چۈشەندىم.

## 2

سەھەر ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتىم: ھەممە يەرنى ئاپئاق قار ئوراپتۇ. قاياققا قارىسام، كۆزۈم قامىشىدۇ، تۇيۇقسىز ئۆينىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئاممىۋى ئەخلەت دۆۋىسى ئېسىمگە كەلدى. چۈنكى، بۇ يەرگە كۈل، ئەخلەت، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ شۆپۈكلىرى، كونا ئاياغ -

پـايـپـاق، توخۇ ـ ئۆردەك، كەپتەر پەيلىرى. . . ھەممىسى تۆكۈلەتتى. بىرقانچە قېتىم ئىدارىنىڭ تازىلىق ئىشچىسىغا ئەھۋالنى ئىنكاس قىلغان بولساقمۇ، ھازىرغىچىلىك يۆتكەلمىگەن بۇ سېسىقچىلىق، مەينەت باسقان ئورۇنمۇ ئاپئاق «شايى» دىن ئۇستۋاش كىيىپتۇ. «ھەي، بۇگۇن تازىلىق تەكشۈرىدىغانلار كەلگەن بولسا، بىزنىڭ ئىدارە تېلېۋىزوردا ئېلان قىلىناركەن» دېدىم ئىچىمدە.

— ۋۇي، نېمە بولدى سىزگە، ئەتىگەندىلا بۇ يەردە خىيال سۇرۇپ تۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟— ھاجەتكە چىققان قوشنام شۇنداق دېگەچ سالام قىلدى.

— قاراڭ، ماۋۇ سېسىقچىلىق بىلەن توشۇپ كەتكەن ئەخلەت دۆۋىسىنىڭ پاكىز قارغا ئورىلىپ مەغرۇر تۇرغىنىنى؟— دېدىم قوشنامغا.

— ھەيران قالماڭ، ئۇكام،— دېدى ئۇ ئەخلەت دۆۋىسىگە سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ قويغاندىن كېيىن، بەلكىم تەبىئەت بۇ سېسىقچىلىقتىن ئۇيانقان چېغى.

«راست،— دەپ ئويلىدىمەن،— تەبىئەتنىڭ خاسىيىتى بىزگە نېمىشقا تەسىر قىلمايدىغاندۇ؟»

## 3

ئالما دەرىخىنىڭ شاخلىرىدا ئاق چېچەك ھاسىل قىلغان قارنى كەپىنز باللار تېپىپ چۇشۇرگىلى تۇردى. دەرەخ تەۋرىمەكتە، باللار تەپمەكتە. . . بۇنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى يوق، ئەگەر ئالما تازا پىشقان مەزگىل بولسا باغۋەن بوۋاي ۋە ئۇنىڭ ئەسكى ئىتى بۇ كەپىنزلەرنى

يىقىن يولاتتىغان بولاتتى. مۆجىزىلىك بىر ھال— چىداپ تۇرالمىغان دەرەخكە زۇۋان كىردى:

— ھاي، كەپسىزلەر، نىمشقا مىنى ئارامىمدا قويماي بۇنچە تىپىسىلەر؟

باللار تىپىشتىن توختاپ دىدى:

— بىز سىنى توڭۇپ قالمىسۇن دەپ ئۇستۇڭدىكى قارلارنى چۈشۈرۈۋاتساق، رەخمەت ئىيتماقتا يوق. خاپا بولامسەن؟ بولدى بىز كەتتۇق!— باللار شۇنداق دەپ، چۇرۇقلىشىپ يۇگۇرگەن پىتى كەتتى.

قار دەرەخنىڭ ئۇستىگە چۈشمەكتە. ئۇ ئەمدى بايىقىدەك يا رەنجىشنى، يا سۆيۇنۇشنى بىلەلمەي تەنھالىق ئىچىدە مۇڭلىنىپ پىچىرلىدى:

— ھەي ئادەملەر! . . .

## 4

قىلىن قار ئۇستىدە كىلىۋاتىمەن. قارنىڭ «غىرىس - غۇرۇس» قىلغان رىتىملىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ. كەينىمگە قارىسام ئاپئاق، پاكىز قار يۇزى مىنىڭ تاپىنىمدا يانجىلىپ بۇلغىنىپتۇ. يەنە مىڭىشنى داۋاملاشتۇردۇم، تۇيۇقسىز قاردىن سادا كەلدى:

— ھەي ئادەم، بىلەمسەن، مەن ئاسماندىن تولىمۇ پاكىز چۈشكەن ئىدىم، لىكىن سىنىڭ پاسكىنا ئايىغىڭدا بۇلغاندىم. مىنى پاك پىتىم تۇپراققا سىڭگىلى قويساڭ بولامدۇ؟

— رەنجىمە، — دېدىم قارغا سوغۇق نەزەر تاشلاپ، — سەن پۈتۈن جانلىقلارنى دەپ ئانا يەرگە چۈشتۈڭ: ئەسلىي سەن بىزگە بەرىكەت ئېلىپ كېلەتتىڭ، سەن بىلەن ئاغرىق - سىلاق كۆتۈرۈلۈپ كېتەتتى. يايلاقلار ئوت - چۆپكە، دەل - دەرەخلەر مېۋە - چېۋىگە، ئېتىزلار ئاشلىققا، ئېرىق - ئۆستەڭلەر زىلال سۇغا تولاتتى. شۇڭا، ساڭا رەخمەت ئوقۇسام بولاتتى. شۇنىسى مەن نادان ئادەم! . . .

قار قايتا ئىنكاس بىلدۈرمىدى. مەن يەنە شۇ ئايىغىم بىلەن ئۇنى خالىغانچە دەسسەشكە باشلىدىم. . .

1996 - يىل 11 - ئاي، خوتەن



# ئازغۇن روھ

## 1

مەن ھازىر نەدە، ئۆلدۇممۇ ـ تىرىكمۇ؟ . . . ھېچ نەرسىنى پەرق قىلالمايمەن. بەلكىم قاباھەتلىك چۈش كۆرۈۋاتسام كېرەك، پۈتۈن بەدىنىم شۇنچىلىك ئېغىر، نېرۋام قالايمىقان، ئۇ نورمال تەپەككۇردىن ئاللىبۇرۇن توختاپ قالغان، ھايات شامىم تولىمۇ ئاجىز، خىرە ھالدا پىلىلداپ يېنىۋاتاتتى؛ ئالەمگە سىغمىغۇدەك پۇشايماننى ئېيتىپ، دەردلىرىمنى تۆكۈشكە يېمىندا مۇڭدىشىم يوق. دەريا ـ ياشلىرىمنى تۆكسەممۇ بەربىر كېچىككەن ئەقلىم، بۇلغانغان ۋىجدانىم مېنى سوراققا تارتىدۇ. تووۋا، قىلغانلىرىم ئەمدى غۇۋۋا ئېسىمگە كەلدى؛ قايسى كۈنى بولغىيدى، شۇنچە چەكسەممۇ خۇمارىم بېسىقمىدى. شۇ چېكىملىكنىڭ مېنى ئۆمرۈمدە كۆرۈلۈپ باقمىغان لەززەت ئىچىدە ئاجايىپ سېھرلىك دۇنياداسەيلەقىلدۇرغىنى. . .

پەقەت شۇلا ئېسىمدە، كېيىن نېمە ئىشلارنى قىلدىم، بۇ يەرگە نېمە بولۇپ سولاندىم؟ . . . بۇلار پۈتۈنلەي قاراڭ-

غۇ، تونۇگۇن ساقچى باشلىقىنىڭ ئىچىنىش، نەپرەت ۋە ئۈمىدسىزلىك ئارىلاشقان مۆرەككەپ ھېسسىياتتا سورىغى-نى ئېسىمدە:

— ئېيتە، داداڭنى نېمە سەۋەبتىن ئۆلتۈردۈڭ؟

توۋا، ئۇ كىمنى سوراق قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ كىم داددى-سىنى ئۆلتۈرگەندۇ؟ . . . مەنمۇيا. . . ياق، دادامنى ئۆل-تۈرگەنلىكىم پەقەتلا ئېسىمدە يوق. ھە راست، دادام ماڭا يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇپ پۈتۈمغا ئېسىلغاندەك قىلغان، كې-يىن ئۇنىڭدىن قانداق ئاجرىغان بولغىيدىم؟! . . .

## 2

ھاياتنىڭ «پەيزى» نى سۈرمەكتە ئىدىم. ئىچىشىم ئا-لىي ھاراق، چېكىشىم ئاق، غىزالىنىشىم ئالىي رېستوران-دا ئېسىل تاماق. . . تۇرۇپ ئويلىنىپ قالىمەن، ئاتا ـ ئانام مۇنداق مەئىشەتكە نائىل بولۇپ باقمىغىنى ئۈچۈن مېنى ئەيىبلەيدۇ تېخى، ھەي، ئادەم ياشانغانسېرى شۇنداق ئالجىپ قالامدىغاندۇ؟ . . . قايسى كۈنى ئانامنىڭ «بالام، نېمە ئۇ ئۇستۇېشىڭدىكى، يارىشىملىق كىيىم كىيە-سەڭ بولمامدۇ؟ كۈندىن ـ كۈنگە كۆزۈمگە سىغمايۋاتىد-سەن. . . » دېگىنى نېمىسى؟ ھايات ئۆز نېسىۋىسىگە شۈ-كۈر قىلىدىغانلارغا ئەمەس، بەلكى ئۆز نېسىۋىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ چوڭ يۈرەكلىك بىلەن ياشىغۇچىلارغا كەڭ قۇچاق ئاچىدۇ. . . بىزنىڭ خوجايىنغا تولىمۇ ھەۋىسىم كېلىدۇ، ئۇ كارامەت ئادەم جۇمۇ! پۇل دېگەننى ساماندەك

تېپىپ، غازاڭدەك خەجلەيدۇ. ئۇ بىزگە: «پۇل تاپمەن، ھاياتىنىڭ لەززىتىنى سۈرىمەن دەيدىكەنسەن، جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىن، ھارامدىن قورقما...» دەپ جېكىلەيدۇ. بۇ، ئادەمنى نەقەدەر سۆيۈندۈرىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان سۆزلەر - ھە!...

## 3

بۈگۈن خۇمارىم قاتتىق تۇتتى، گويا بەزگەك كېسىلى قوزغالغان ئادەمدەك تىترەپ يەرگە تاشلاندىم، ئىچىمنى خۇددى مۈشۈك تاتىلاۋاتقاندەك ئازابلىنىمەن. توۋا، مۇسكۇللىرىم ئۇستىخانلىرىمدىن ئاجراپ كېتەمدۇ - نېمە؟ ئاغزىمدىن ماغزاپ ياندۇرۇپ بېشىمنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇرغانلىقىم ئېسىمدە، توغرا، ئەمدى ئېسىمگە كەلدى: خوجايىنىنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ يالۋۇردۇم.

— گەدىنىڭدە 30 مىڭ يۈەن تۇرۇپ يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن نېسىگە چېكىسەن؟— دېدى ئۇ نالە - زارىمغا پەرۋامۇ قىلماي.

— خوجايىن، پەقەت مۇشۇ بىرقېتىملانېسىگە... ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، ھەممە قەرزلەرنى بىراقلا تۆلەيمەن، — دېدىم چىشلىرىمنى كاسىلدىتىپ.

ئاخىر خوجايىنىنىڭ رەھمى كەلدى. مەن ئۇ بەرگەن خروئىننى چېكىپ ئاستا - ئاستا ئەسلىمگە كەلدىم، ئاندىن ئازراق بولسىمۇ پۇل جۆندەپ خۇمارىمنى تۇزۇك بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن ئۆيگە كەلدىم. ئۆي خۇددى ئوغرى كىرگەن

ـدەك قۇپقۇرۇق، پۇلغا يارايدىغان ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدۇ، پەقەت دادام گىيىت قەغىزىگە ئورالغان ئاچچىق تاماكىنى كۇچەپ شوراپ ئولتۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا نەپرەت بىلەن ئالىيىپ قويۇپ ئۆينى تەپسىلىي كۆزىتىشكە باشلىدىم. توۋا، نېمىشقا بايىدىن بېرى ئاۋۇ ئۇنئالغۇنى، ھويلىدىكى ۋېلىسىپىتنى كۆرمىگەندىمەن؟ ئۇنئالغۇنى قولتۇقۇمغا قىسىپ، ۋېلىسىپىتنى يېتىلەپ ماڭدىم. دادام دەرۋازا ئالدىدا يولۇمنى توستى:

— مېنىمۇ قوشۇپ سېتىۋەت، ھۇ نائەھلى، سەندە ئىنساپ دېگەن بارمۇ زادى؟ — دادامنىڭ كۆزلىرى خۇددى چانىقىدىن ھازىرلا ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، پۇتۇن بەدىنى تىترەپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ چىقاتتى.

ئاچچىقىم غالىب كەلدى. كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. دادام يولۇمنى توسقانسېرى خۇمارىم شۇنچە تۇتۇشقا باشلىدى... ئىسىت! ئاشۇ كاساپەت پىچاق قانداق بولۇپ قولۇمغا چىقىپ قالدىكىن؟... ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئېسىمدە يوق. توغرا، ئاۋۋال قىپقىزىل قاننىڭ ئىچىدە، كېيىن قاراڭغۇلۇقتا قالدىم...

## 4

ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئاستا - ئاستا ھوشۇمغا كەلدىم، ھازىر ھەممە نەرسە مېنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەيىبلەيدۇ. مۇقەددەس زېمىن ئانىمىز كارامىتىنى كۆرسىتىپ نېمىشقا مېنى يۇتۇۋەتمەيدىغاندۇ؟ مەندەك بىر ۋاپاسىز، ئادەملىك

سۈپىتىنى يوقاتقان نائەھلىنى ئىنسانىيەت دۇنياسىدىن سۈپۈرۈپ تاشلىمايدىغاندۇ. . . توغرا، مەندەك ئىنسان قىلىپىدىن چىققان، پۈتۈن ۋۇجۇدى جىنايەت ۋە شەرمەندىچىلىك بىلەن توشۇپ كەتكەن ئادەمنى ئەزرائىلمۇ خالىمايدىغان ئوخشايدۇ. ساقچىلارنىڭ ئۆلۈۋېلىشىمغا يول قويماي يانلىرىمنى ئاختۇرۇپ، ھەتتا كەمىرىمنىمۇ ئېلىۋېلىشلىرى نېمە قىلغىنىدۇ؟ . . . ياق، مەن ئۆلۈشۈم كېرەك. مەن پەقەت ئازغۇن روھىم بىلەن خوشلاشساملا، پۇشايمان، ھەسرەت، نادامەت ۋە ئازابتىن بىر يولى جۇدا بولالايمەن. ئاھ، سۆيۈملۈك ئۆلۈش! . . . ھەي ۋاپادار ئادەملەر، سىلەر مېنىڭ ئۆلۈشۈمگە يول قويۇڭلار! . . .

1996 - يىل 12 - ئاي، خوتەن

# سۆيگۈ قىيامىلىرى

## 1

كېچىدە يالغۇز كېلىۋاتاتتىم، تۇيۇقسىز كۆزۈمگە بىر كۆلەڭگە كۆرۈندى. پۈتۈن بەدىنىمنى قارا تەر باستى، ئۆزۈمنى شۇنچە تۇتۇۋالاي دېسەممۇ جالاقلاپ تىترەپ تۇردۇمەن، ئاغزىمغا گەپمۇ كەلمىدى. تۇۋا، «قورققانغا قوش كۆرۈنەر» دېگەندەك ئىش بولدىمۇ ـ نېمە؟ كۆلەڭگە مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدى، «ئانا، ۋايجان! . . .» دېگەن پېتىم بەدەر قاچتىم، ھەيرانمەن، ئاشۇنداق قارا تەر بېسىپ تۇرغاندا ئاغزىمغا پەقەت «ئانا» دېگەن سۆزلا كەلدى. «ئادەم بارمۇ، قۇتقۇزۇڭلار!» دېمەكچى بولغان بولسامموۇ، خۇددى ئۆپكەم ئاغزىمغا كەپلىشىپ قالغاندەك ئۈنۈم چىقمىدى. خۇداغا شۈكرى، ئاشۇنداق يۈگۈرگەنچە ئۆيگە ئامان ـ ئېسەن كەلدىم، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىمغا ئاستا ـ ئاستا قان يۈگۈردى. پۇت ـ قوللىرىمغا جان كىردى. نېرۋىلىرىم نورمال ھالەتكە كەلدى. بۇنىڭ بىلەن تۇرۇپلا ئويلاپ قالدىم: ئاجايىپ ئىش،

مەن ھازىرغىچە بۇگۇنكىدەك كىلىشمەسلىككە تالاي قېتىم يولۇقتۇم، كۆپ قېتىم ئىت تالىۋېلىپ، ھەرە چېقىۋې-لىپ، ئېگىز ھاڭدىن چۈشۈپ كېتىپ. . . دېگەندەك قور-قۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆردۈم، مەيلى ئوڭۇمدا ياكى چۈشۈمە-دە بولسۇن ھەر قېتىم «ئانا!» دەپ توۋلىغىنىم ئېسىمدە، بىرەر قېتىم «دادا» دەپ توۋلاپ سالمىغىنىمغا ھەيرانمەن.

## 2

ئانا، سېنى ھەر قېتىم كۆرسەم يۈرىكىم مۇجۇلىدۇ. قاردەك پاكىز چاچلىرىڭ، يول - يول قورۇقلار قاپلىغان چىرايىڭ، يىلسىرى نۇرى ئۆچۈۋاتقان كۆزلىرىڭ، يادەك ئېگىلگەن قەددىڭ. . . مېنى نېمىشقىمۇ بىئارام قىلمى-سۇن؟ . . .

ئانا، سەن بىر چاغلاردىكى قۇندۇزدەك چاچلىرىڭنى، ئالمىدەك چىرايىڭنى، نۇر بالقىپ تۇرىدىغان كۆزلىرىڭنى، كىشىلەرنى مەھلىيە قىلىدىغان قەددىڭنى، بۇلبۇلنى خىجا-لەتتە قويىدىغان شوخ ئاۋازىڭنى ماڭا بەردىڭ. ئەمدىلىكتە سەن ئۆزۈڭنىڭ ياشلىقىڭنى، گۈزەل ئىستەكلىرىڭنى مەن-دىن كۆرىسەن! . مەندىن سۆيۈنىسەن. مەندىن ھاياتىڭنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى ئالىسەن. . . ئانا، سېنىڭ پاك، گۈ-زەل قەلبىڭنىڭ چوڭقۇرلۇقى ئالدىدا دەريا - دېڭىزلار بىر چەتتە قالىدۇ؛ بالىغا بولغان مېھىر- مۇھەببى-تىڭ ئالدىدا قۇياش بۇلۇتلار كەينىگە يوشۇرۇنىدۇ. ئانا، بۇلارنى ئويلىغانسېرى ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالمايمەن.

سەن ماڭا ھەممىنى بەردىڭ، لېكىن مەن ساڭا نېمە قىلىپ بېرەلىدىم؟ ھەي! . . . سېنىڭ مەن ئۈچۈن تۆلىگەن بەدەللىرىڭنى بىر ئۆمۈر پايپېتەك بولۇپ خىزمىتىڭنى قىلىساممۇ قايتۇرالمايدىغان ئوخشايمەن. ئانا، مەن ھەر ئىككىلا ئالەم ساڭا قەرزدار.

## 3

يېقىندىن بېرى ئانام تولا چۈشۈمگە كىرىدىغان بولۇپ قالدى. بۈگۈن كېچىمۇ يەنە چۈشەپتىمەن. ئانام ئېغىر كېسەل بىلەن ھاسىراپ ياتقۇدەك، مەن ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ ياش تۆكۈمىشمەن. بۇ قورقۇنچلۇق چۈشتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن زادىلا ئۇيقۇم كەلمىدى. سەھەر ئورنۇمدىن تۇردۇم-دە، يۈز - كۆزلىرىمنى چالا - پۇلا يۇيۇپلا ناشتىمۇ قىلماستىن ئۆيدىن چىقتىم: «ھەي! ئانام يېتىپ قالمىسا بولاتتى. تېخى ئۈلۈشكۈن يوقلاپ بارغىنىمدا بىر ئوبدان تۇراتتى. ئۆيگە ئەكېلىۋالاي، يېنىمدا تۇرۇۋېرىش دېسەم تېخى ئۇنىمىغان، بۈگۈنلا قايتۇرۇپ ئەكېلەي».

— ياسىنجان، ئەتىگەندە مەسچىتكە كىرمەي نەگە؟— مەھەللىمىزدىكى ئىمام ئاخۇنۇم يولۇمنى توسۇپ خىيالىمنى بۆلدى،— ھەرقانچە ئالدىراش بولساقمۇ، دۇنيا مەئىشەتلىرى بىزنى ۋەسۋەسىگە سېلىپ تۇرسىمۇ، پەقەت كۆزىمىز مىدىرلاپلا تۇرىدىكەن جامائەت بىلەن ناماز ئوقۇماق كېرەك. ئاللا بىزنى ياراتتى، جاھاننىڭ كۆپ مەئىشەتلىرى

-رىگە ئىگە قىلدى. ئۇنىڭ رەھمىتىگە ھەمدۇ - سانا ئوقۇ-
شىمىز. . .

ئۇنىڭ سۆزلىرى قۇلىقىمغا كىرمىدى. پۈتۈن ئەس
يادىم ئانامدا، مەن ئانامنى كۆرگىلى، ئۇنىڭدىن ئەھۋال
سوراپ، پۇت - قوللىرىنى تۇتۇپ بالىلىق بۇرچۇمنى ئادا
قىلغىلى ئالدىرايمەن. ئىمام ئاخۇنۇم بولسا مەندەك بىر
نادانغا سۆزلەپ ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش كويىدا. مەن
ئاخىر ئۇنىڭ ۋەز ئېيتىشلىرىغا چىداپ تۇرالماي چوڭ -
چوڭ قەدەم ئالدىم.

— ۋۇ دوۋزىخى كاپىر!

— كەينىمگە قارىسام ئىمام ئاخۇنۇم ئەتراپىغا ئولىشى-
ۋالغان كىشىلەرگە مېنى كۆرسىتىپ بىرنېمىلەرنى دېگىلى
تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سالماي يۈگۈرگەنچە
ماڭدىم. ئانامنىڭ ئۆيىگە يېقىنلاشقانسېرى كۆڭلۈم كۆتۈ-
رۈلۈپ قالدى: «قارغىساڭ قارغىمامسەن، تېزراق بېرىپ
ئانامنى كۆرسەم بولدى. مەن پەقەت جەننەت — ئاتا -
ئانىڭنىڭ تاپىنى ئاستىدا، دېگەن سۆزگە ئىشىنىمەن. مې-
نىڭ سەجدىگاھىم — ياشانغان ئانامنىڭ غېرىبسانە
ئۆيى. . .» مەن شۇنداق خىياللارنى سۈرگەچ تېخىمۇ تېز
قەدەم ئالدىم. توغرا، يۈگۈردۈم، كۆڭلۈم ئاجايىپ ئىللىق
سېزىمدا ئىدى.

1996 - يىل 12 - ئاي، خوتەن

# ئايەم چاچقۇسى

## 1

بۈگۈن سەھەر ئورنۇمدىن تۇردۇم. ھەممە يەر ئاجايىپ گۈزەل تۇسكە كىرگەن ئىدى. يىگىتلەر چاچ - بۇرۇتلىرىنى ياسىتىپ، رەتلىك كىيىنگەن، پەرىدەك گۈزەل قىزلار توزدەك ياسانغان ئىدى. ئۇلارنىڭ بولاقتەك كۆزلىرىدىن سۆيگۈ، ھاياجان تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. شوخ كۈلكىسى، جۇشقۇن چاقچاقلىرى يىگىتلەرنىڭ قەلبىنى سېھىرلەپ، ئۇلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىدۇ. بوۋايلار ئۇچتەك ئاپئاق ساقال- بۇرۇتلىرىنى ياسىتىپ، يارىشىملىق كىيىنگەن، ئۇلار قۇچىقىغا چىقىۋالغان نەۋرىلىرىگە ئۈمىد بىلەن قاراپ، ئەركىلىتىپ، ئۆزلىرىنىڭ بۈگۈنگىچە كۆرگەن كۈنگە مىڭ مەرتىۋە شۈكۈر قىلىشىدۇ.

ئىختىيارسىز چوڭ جامە ئالدىغا كېلىپ قالدىم. ناغرا- سۇنايلارنىڭ ياڭراق ئاۋازى يىراق - يىراقلارغا تاراپ، كۆكنى تىترەتمەكتە. يـاشـانغانلار، ئـوتـتـۇرا ياشلىقلار، ياشلار، ھەتتا بالىلارمۇ بەس - بەستە ساماغا چۈش-

كەن، ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن نۇر، چىرايىدىن باھار ئاپتىد-
پى تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. . . خۇشاللىق ئادەمنى ياشارتامدىغان-
دۇ؟ ئاۋۇ يېشى 70 لەردىن ئاشقان، ئاپئاق يەكتەك كىي-
گەن بوۋاينىڭ ھەرىكەتلىرىدىن جۇشقۇنلۇق، تېتىكلىك
چىقىپ تۇرىدۇ، چىرايىدىكى بەخت، كۆزلىرىدىكى ئۇمىد
نۇرلىرىنى كۆرگەندە كىم ـــ ئۇ ئۇنى ياشانغان دې-
يەلىسۇن؟ . . . ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا پۈتۈن ئىشتىيا-
قى بىلەن ساما ئۇسسۇلى ئوينىماقتا. . . توغرا، ئادەملەر
خۇشاللىق، كۆڭۈل ئازادىلىك ۋە بەختتىن ياشىرىدۇ. ئۇ-
لار بۇ دۇنياغا رىيازەت چەككىلى، ئۆزئارا ئۆچەكەشكىلى
تۆرەلگەن ئەمەس، بەلكى بۈگۈنكىدەك كۈننى كۆرگىلى،
ئۆز ھالال ئەمگىكىنىڭ تەمىنى تېتىغىلى، ئۆزىگە ئۆزى
خوجا بولغىلى تۆرەلگەن. ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز خۇشاللى-
قىدىن سۆيۈنۈش، ھاياجانلىنىش ھوقۇقى بار. . . شۇ
ۋەجدىن مەنمۇ مىجەزىمدىكى ئېغىرلىق، ياۋاشلىقنى چۆ-
رۈپ تاشلاپ، بۇ قايناق ئادەم دېڭىزىغا قوشۇلدۇم، چۈنكى
بۈگۈن بىزنىڭ ئايەم كۈنىمىز.

## 2

بۈگۈن دادامنىڭ قەبرىسىنى يوقلىدىم. بۇ زاراتگاھ-
لىقتىكى ساناقسىز قەبرىلەردىن ھېچقانچە پەرق قىلمايدى-
غان، بوران ئۇچۇپ تۇرىدىغان تۇپراق بېشىدا يۈكۈنۈپ
ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدىم. قانچىلىك ئولتۇرغىنىمنى بىلمەي-
مەن، دادامنىڭ مېنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشقۇچە ئارد-

لىقتىكى ئىيتىپ تۈگەتكۈسىز رىيازىتى، ئالەمچە خۇشال-
لىقى، غۇبارسىز ئۈمىد - ئىستەكلىرى. . . شۇنىڭدەك
ئۇنىڭ مەندە قالدۇرغان ئىسىل پەزىلەتلىرى بىر - بىرلەپ
كۆڭۈل ئىكرانىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى: دادامنىڭ مېنى
چامبۇل ئىشەكنىڭ ئالدىغا مىندۈرۈپ، ئىت تـالاشتۇ-
رۇغـان، قـوچـقـار ئـۇسـۇشـتـۇرگـەن، خـوراز
سوقۇشتۇغان. . . يەردىن تارتىپ چۆل - جەزىرىلەردە
ئۆستەڭ چاپقان، تومۇز ئىسسىقتا ئىتىزلىقتا بۇغداي ئورد-
غان، خامان قوشقان يەرگىچە ئاپارغانلىرى هـازىـرقـى-
دەك ئـېـسـىـمـدە تۇرۇپتۇ. . .
دادام ناهايىتى چىداملىق، غەيرەتلىك ۋە ئۈمىدۋار
ئادەم ئىدى. بېشىغا هەرقانداق كۈلپەت كەلسىمۇ بىلىنى
قويۇۋەتمەيتتى. يا بىرەرسىگە زارلانمايتتى ۋە يا بىرەرسى-
دىن شەپقەت كۈتمەيتتى. ئۇنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى هېلىقى
ئاپەتلىك يىللاردا يۈزىگە قازاننىڭ قارىسىنى سۈركەپ،
بېشىغا ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيدۈرۈپ، ئىشەككە تەتۈر
مىندۈرۈپ سازايى قىلىنغاندا چۈشەنگەن ئىدىم. دادام پە-
قەت هالال تەر تۆكۈپ ئۆز نېسىۋىسىنى ئۆزى تېپىپ يەيدى-
غان مېهنەت ئىگىسى ئىدى. ئۇ ئۆپكە كېسىلى بىلەن
ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغاندا، بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ:
«بالام، غەيرەتلىك بول، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، چوقۇم ياخ-
شىلىنىپ كېتىمەن. . . مەن تېخى سېنىڭ ئۇتۇق قازانغى-
نىڭنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرىمەن. ياخشى ئوقۇغىن،
بالام، مېنىڭ ئۈمىدىم سەندە» دېگەن ئىدى كۆزىگە لىققىدە
ياش ئېلىپ. لېكىن، ئۇ كۆرەلمىدى، هازىر تۇپراق بېشى-
دا يۇكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ ياش تۆككەنلە-

كمىنى ، ھەسرەت - نادامەت بىلەن تولغان قەلبىمنى كۆرەلىدىمىكىن، روھىغا ئاتاپ قىلغان دۇئالىرىمنى ئاڭ-لىيالىدىمىكىن! ئاھ دادا، تۇپراق سىنى ئۆز قويىنىغا ئال-دى، بەلكى سەن شۇنچىلىك خاتىرجەم، تىنچ يېتىپ، جاھاندىكى رەزىللىك، پەسكەشلىك، كۆرەلمەسلىك، جەڭ-گى- جېدەل، شۇنىڭدەك بەخت، خۇشال كۈلكىلەردىن پۈ-تۈنلەي خالىي ئۇخلاۋاتىدىغانسەن، ياق، سەن ئەبەدىي ئويى-غاق، روھىڭ ھەردائىم ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مەن بىرەر كېلىشمەسلىككە دۇچ كەلگەندە، شان - زەپەر قۇچۇپ شەرەپ گۈلىنى تاقىغاندا، قىزىمنى ئەركىلىتىپ پېشانىسىگە سۆيگەندە. . . سەن بىلەن، پەقەت سەن بىلەنلا سىردىشىمەن. سېنىڭ ئالىيجاناب پەزىلىتىڭ، پاك روھىڭ ھەر دائىم ماڭا ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇ بىرەر كېلىشمەسلىككە دۇچ كەلگىنىمدە مېنى غەپلەت ئۇيقۇسى-دىن ئويغىتىدۇ، يۆلەيدۇ، مەدەت، كۈچ - قۇدرەت ئاتا قىلىدۇ. . . دادا، كۆرۈۋاتامسەن؟ بۈگۈن تۇپراق بېشىڭدا ئولتۇرۇپ ياش تۆكۈۋاتىمەن. ئەمدى كۆز ياشلىرىمنى سۈرتەي، خۇشال، جۇشقۇن ئادەملەر قايىنىمىغا قېتىلاي (سەن شۇنداق قىلىشىمنى تىلەيتتىڭ، دادا) ، چۈنكى بۈ-گۈن بىزنىڭ ئايەم كۈنىمىز.

### 3

بۈگۈن گۈل دۇكىنىدىن چىرايلىق گۈللەرنى سېتىۋې-لىپ، سادىدا، سەبىي قەلبىمگە ئىلىم مەشئىلىنى يېقىپ، نادانلىق، خۇراپاتلىق، قاششاقلىق كىر- داغلىرىنى يوقات-

قان، مېنى ئادەملىك يولىغا باشلاپ، زەپەر قوچۇشۇمغا ھەيدەكچى بولغان ئۇستازىمنى يوقلاپ باردىم. ماۋۇ كارا- مەتنى كۆرۈڭ. ئۇستازىمنىڭ ئۆيى قايناق بازار بولۇپ كېتىپتۇ. قىستىلىپ يۈرۈپ، ئادەملەر ئارىسىدىن شۇڭ- غۇپ ئۆتۈپ ئۇستازىمنىڭ يېنىغا ئاران كەلدىم ۋە ئاتايىن ئېلىپ كەلگەن گۈلنى سۇنۇپ: «ئۇستازىم، ئايىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، تېنىڭىزنىڭ سالامەت بولۇشىنى، ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشىڭىزنى تىلەيمەن!» دېدىم چوڭقۇر ھۆرمەت، سۆيۈنۈش ھېسسىياتىم بىلەن. ئۇستازىم كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى - دە: «رەھمەت، يوقلاپ كەلگىنىڭىزگە رەھ- مەت!» دېدى. ئۇستازىمغا سىنچىلاپ قارىدىم: چاچلىرى پۈتۈنلەي ئاقارغان، پېشانە، يۈزلىرىنى قورۇق قاپلىغان، لېكىن روھى شۇنداق كۆتۈرەڭگۈ، چوڭقۇر كۆزلىرىدىن ھاياجان، ئۈمىد، چىرايىدىن بەخت، خۇشاللىق، كەيپىياتى- دىن جۇشقۇن، تېتىكلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ئۇ مۇشۇ ياشقا كەلگۈچە نادان، «ئالىقانات» كەپسىزلەردىن قانچىسىنى ئا- دەملىك يولىغا باشلىغاندۇ؟ ئۇلارنى ئۆزىنى بىلىشكە، ئۆز- گىنى چۈشىنىشكە ئۈگەتكەندۇ؟ . . . ئاشۇ ئاددىي، لېكىن مۇقەددەس مۇنبەر ئالدىدا قانچىلىك بور توزانلىرىغا كۆمۈ- لۈپ، زېھنىي كۈچىنى، ئۈمىد - ئىستەكلىرىنى، ئۆزىنىڭ ئالتۇندەك چاغلىرىنى تەقدىم ئەتكەندۇ؟ . . . بۇ- لارنى تولۇق ھېسابلاپ چىقىش ھەقىقەتەن قىيىن. ئۇ دەريا - دەريا ھالال تەر، پۈتكۈل كائىنات تار كەلگۈدەك پاك، ئالىيجاناب كۆڭۈل، نەچچە ئانىنىڭ مېھرىنى بېسىپ چۈش- كۈدەك قىزغىن كۆيۈمچانلىق بەدىلىگە ئۇستازلىق شەرىپى- گە مۇيەسسەر بولدى. ئۇ ھەممىمىزنىڭ، پۈتكۈل يۇرتنىڭ

ئۇستازى! . . . مەن مۇشۇنداق ئۇستازىمنىڭ بولغانلىقىدىن چەكسىز پەخىرلىنىمەن.

4

بۈگۈن ئارازلىشىپ قالغان بىرقانچە دوستلىرىمنى ئۆيۈمگە چاقىرىپ، چاي بېرىۋىدىم، ئارىدىكى غەشلىك، چۈشىنىشمەسلىك، ئارازلىقلار خۇددى ئاسماندىكى تۇمان تارقىغاندەك بىراقلا يوقالدى. ئۇلار داستىخاندىكى تۈرلۈك نازۇنېمەتلەرگە ئېغىز تەگكۈزۈشتى. ئۆينىڭ ئىچىنى خۇشاللىق، كۈلكە - چاقچاق قاپلاپ كەتتى. دوستلىرىمدىن كەچۈرۈم سوراپ چاي سۇندۇم، ئۇلارمۇ مەندىن ئەپۇ سوراپ چاي تۇتتى. . . ئادەملەر بۇ قىسقىغىنا ھاياتىدا ئۆزئارا پۇت تېپىشىپ، كۆرەلمەسلىك ئىچىدە ياشىماي، ھازىرقىدەك ئەپۇ قىلىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىپ ياشىسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە! ؟ . . .

توغرا، ئالەم پەقەت ياخشىلىق بىلەنلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ ياخشىلىق پەقەت ئادەملەرنىڭلا قولىدىن كېلىدۇ، شۇڭا بۇ چەكلىك ھاياتتا ھەربىر ئادەم ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى چۈشىنىپ، ئۇلارغا كۆيۈنۈپ، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىپ ياشىغان بولسا بۇ دۇنيا يەنە قانچىلىك گۈزەل تۇسكە كىرگەن بولاتتىكىن؟ . . . بۈگۈن ئۇلۇغ بەرىكەتلىك كۈن. دوستلار، قېنى ئۆيۈمگە مەرھەمەت قىلىڭلار، سىلەر ئۈچۈن ئوڭ قولۇم كۆكسۈمدە.

چۈنكى بۈگۈن بىزنىڭ ئايەم كۈنىمىز.

1997 - يىل 1 - ئاي، خوتەن

本集子由作者 25 篇短篇小说和 15 篇散文作品编成。写的都是一些在实际生活中最平常而能激发读者情感的小事尔。

مەسئۇل مۇھەررىرى: تۇردى يامغۇر
مەسئۇل كوررېكتورى: گۇلباھار مۇھەممەتئىمىن
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى: ئابلىمىت ھەسەن

# ھىلىقى كوچا

(ھېكايە ـ نەسرلەر)

ئاپتورى: مۇھەممەت بارات تەشنائىي

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14ـ قورۇ، پوچتا نومۇرى: 844000)
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
ئاقسۇ فېيدا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم 32/1 باسما تاۋىقى: 5
2002ـ يىل 10ـ ئاي 1ـ نەشرى
2002ـ يىل 10ـ ئاي 1ـ بېسىلىشى
تىرازى 2770 —— 1

---

ISBN 7 — 5373 — 1058 — 0/I. 283
باھاسى: 8.00يۈەن

ئاخباراتى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك گېزىت - ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان . « ئىسسالام ، ھايات » ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن « مۇزىكا شەيداسى - مۆجىزى » ناملىق تارىخىي پوۋېستنى مىللەتلەر نەشرىياتى ۋە شىنجاڭ ياشلار - ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان . يۇقىرىقىدەك ئىجادىي تۆھپىلىرى شەرىپىگە ئۇنىڭ تەرجىمىھالى ۋە نەتىجىلىرى « جۇڭگو مۇتەخەسسىسلىرى قامۇسى » ھەم « جۇڭگو مەشھۇر كىشىلىرى قامۇسى »غا كىرگۈزۈلگەن .

مۇھەممەت بارات تەشنائىي ھازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتى ۋە خوتەن ۋىلايەتلىك يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى : ئىلشات تۇرسۇن



ISBN 7-5373-1058-0
I.283（民文）定价：8.00元